
1988
شىنجاڭ ئاياللىرى
新 疆 妇 女
5

# ئايال كارخانىچىلار مۇكاپاتلاندى



مەملىكەت بويىچە 50 نەپەر مۇنەۋۋەر ئايال كارخانىچىلار، 3-ئاينىڭ 10-كۈنى، بېيجىڭدىكى خەلق سارىيىدا دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى ھەمدە شەرەپ گۇۋاھنامىسى تاپشۇرۇپ ئالدى. مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئۇلارنىڭ ئىسلاھاتتىكى كۆرگەزگەن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرىنى تەقدىرلەپ، ئۇلارغا مەملىكەتلىك 8-مارت قىزىل بايراقدارى دېگەن نام بەردى. بېيجىڭدىن سايسان ئىلمە-بوغۇلما زاۋۇتىنىڭ باشلىقى سى سۇ جىن بىلەن شىجاك لىشىلىق يۇڭ زاۋۇ-تىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يۈجېن مۇكاپاتلاندى.








(1) جاۋ زىياڭ ئايال كارخانىچىلار بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەشمەكتە.
(2) سى سۇ جىن بىلەن ۋاڭ يۈجېن سەھنىگە چىقىپ مۇكاپات تاپشۇرۇپ ئالدى.
(3) مۇنەۋۋەر ئايال كارخانىچىلار خەلق سارىيىغا كىرمەكتە. (4) سى سۇ جىن، ۋاڭ يۈجېن داڭ-لىق كىنو ئارتىسىتكىسى تيەن خۇا بىلەن سۆھبەتلەشمەكتە. (5) بوغۇمچىلىق سانائىتى مىنىستىرلىكى زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ، سى سۇ جىن قاتارلىق بوغۇمچىلىق سىستېمىسىدىكى 20 نەپەر ئايال كارخانىچىلارنى كۈتىۋالدى.

ۋاڭ ۋېنسۇ فوتوسى.





# شائىرلار مۇشائىرىسىگە



تۇردى سامساق

«تاردم» تەھرىراتى «8 - مارت» مۇناسىۋىتى بىلەن چاي زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ، ئۇرۇمچىدىكى ئايال قەلەمكەشلەر بىلەن ئۇچرىشىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. بۇ شېئىر شۇ ئۇچرىشىشنىڭ سوۋغىسى.

زالمۇ بۇ؟
گۈلزارمۇ؟
ھەرەم كانمۇ؟...
ۋە يا گۈزەل راھەت باغچىسى؟...
كۆزنى كۈندەك چاقنىتار مۇندا،
جانانلارنىڭ پارچە - پارچىسى.

قايان باقساڭ قىيامى تولۇپ،
بالقىپ تۇرغان نۇرلۇق قىياپەت.
نازۇ - نېمەت گۇۋاھى بولۇپ،
قىزىپ بارار روھىي زىياپەت.

ئۇقۇلماقتا ئوتلۇق شېئىرلار،
ھارازەتلىك ھەر بىر مىسراسى.
گويا ئاقار ئۆركەشلەپ مۇندا،
مۇھەببەتنىڭ جۇشقۇن دەرياسى.

پۇرسەتلەرگە پىدائىي بولۇپ،
جەڭگە چۈشكەن ئويناق قەلەملەر.
ماگىمۇ ھېچ نامەھرەم ئەمەس،
تانىسىدىكى تەڭكەش قەدەملەر...

جانانلارنى ...
جان ... دەپ،
قەدىرلەپ،
نەسىل بىلىپ، خىزمەت ئېتەرمەن.
شۇ ئەقىدە، ئىشق يولىدا،
مەيلى، ئۆلسەم شېھىت كېتەرمەن.



XINJIANGFUNÜ

# شىنجاڭ ئاياللىرى

## بۇ ساندا


* مۇھاكىمە مۇنبىرى *

ئاياللار ۋە ئەگىلىك باشقۇرۇش.................... 4

مۇھەببەت ۋە كەسىپ.............................. 5

* ئىلغارلار سېپىدىن *

چۆرىن يايلىقىدىكى خالىس ياش باغۋەن ......... 7

* ئىسلاھات يېڭىلىقلىرى *

موكۇيلا يېزىلىق پارتكوم ئاياللار خىزمىتىگە ئوبـ
دان ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، ئاياللارنىڭ
ئىسلاھاتتىكى رولى ياخشى جارى قىلدۇرۇلدى... 9

خوتەن ۋىلايەتلىك 1- ترانسپورت شىركىتى «مۇنەۋ-
ۋەر ئائىلە ئايالى» مۇكاپاتى تەسىس قىلدى... 11

* ئەنزىدىن مىسال *

خۇراپاتلىقا ئىشىنىشنىڭ ئاقىۋىتى (ئوچېرك) ........ 12

* بالىلار تەربىيىسى *

ئەخلاقىي تەربىيىنى كىچىك بالىلاردا ھېسداشلىق
تۇيغۇسى يېتىلدۇرۇشتىن باشلاش كېرەك ........ 16

بالىلارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىدە ئائىلە ئامىلىنىڭ
رولى.................................................. 18

ئائىلە تەربىيىسىدىكى ئون خىل يېڭى ئۇسۇل.......... 19

* ئاتا - ئانىلار سەھىپىسى *

نىكاھتىن ئاجراشقاندا پەرزەنتلەرنى ئۇنتۇپ
قالماڭ ............................................. 20

* ئەر - خوتۇنلارغا مەسلىھەت *

ئەرلەرنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلىشى.............. 21

ئاياللىرىڭلارنىڭ قەلبىنى چۈشىنەمسىز ................ 23



1988 - يىل

5 - سان

(ئايلىق ژۇرنال)

ھەر ئاينىڭ 5 - كۈنى
نەشىردىن چىقىدۇ

باش مۇھەررىر
پاتىمە جاكۇلدىنا




مۇقاۋىدا:
نېفىتچىلىك تېخنىكا
ئايال ئىشچى
ياڭ جېنجەك فوتوسى




مۇقاۋىنىڭ كەينىدە:
شەبنەم
ياڭ جىچىك فوتوسى

«شىنجاڭ ئاياللىرى»
تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

«شىنجاڭ ئاياللىرى»
رېداكسىيىسى نەشر
قىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا
ئىدارىسى تارقاتتى

ۋەكالەت نومۇرى
(58 — 8)

تىراژى: 60،000
باھاسى: 40 پۇڭ

رەسسام ۋە خەتتات
مۇھەممەد ئايۇپ
تۇرسۇن ئىسھاق
(تەكلىپ قىلىنغان)

شىنجاڭ شىنخۇا باسما
زاۋۇتىدا بېسىلدى


## مۇشتەرى بولۇشىڭىزلارنى قارشى ئالىمىز


* گۈلدەستە *

شائىرلار مۇشائىرىسىگە ...... 1
تاڭ سۈزۈلگەندە (ھېكايە) ...... 24
بىزنىڭ ياشلىق باھارىمىز ئەھمىيەتلىك (ئەدەبىي ئاخبارات) ...... 29

* چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن *

مېھرىبان (ھېكايە) ...... 33

* دۇنيا ئاياللىرىغا بىر نەزەر *

گېرمانىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىدە ئايال دىپلوماتلار كۆپەيمەكتە ...... 39
دۇنيادا مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ ئىچىدە ئاياللارنىڭ سانى ئاز ...... 39

* قىز - يىگىتلەر دىققىتىگە *

مۇھەببەتنىڭ دەسلەپكى سېزىملىرى ...... 40
مۇھەببەتتىكى سېھرىي كۈچ ...... 41

* قىزلار سەمىگە *

قىزلار نېمىلەردىن ساقلىنىشى لازىم ...... 42
ئانچە چىرايلىق بولمىغان قىزلارغا ...... 42

* ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن *

تەنھا ياشاشنىڭ سىرى ...... 43

* سالامەت بولۇڭ *

تۇغما غەيرىيلىك ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ...... 45
بالىلارنىڭ پۇتىنى يۇيۇش ۋە سالامەتلىك ...... 47

* تۇرمۇشىمىزغا مەسلىھەت *

چارچىغاندا ئىلمىي ئۇسۇلدا ھاردۇق چىقىرىشنى بىلىۋېلىڭ ...... 48
سۇ ماي قاچىلىرىنى پات-پات تازىلاپ تۇرۇش لازىم ...... 48

# ئايـالـلار ۋە ئىـگـىلىك بـاشقۇرۇش

ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى ئۆزگەردى ھەمدە سانائەت ساھەسىنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلىدى. مەن 60 - يىللاردا ئامېرىكىنىڭ ئالەم ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ يولۇچىلار ئايروپىلانىدا كۈتكۈچىلىك قىلغانىدىم. شۇ چاغلاردا كىشىلەر بىزگە «مۇئەللەقتىكى خېنىم»لار دېگەن نامنى بەردى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ پەقەت ئاياللار قىلىدىغان ئىش ئىدى. جەمئىيەتتىكى تارىختىن قېپقالغان ئادەتلەر ئاياللارنى باشقىلارنى كۈتۈش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇشقىلا مەجبۇر قىلاتتى. ئەرلەر كۈتۈلۈش ئوبيېكتى ئىدى، چۈنكى ئۇلار دېگۈدەك ھەممە كەسپلەرنى ئىگىلىۋالغان. ئاياللار كىشىلەرنىڭ قارىشىدا كۆپ ھاللاردا پەقەت بىر ياردەمچى ھېسابلىناتتى، باشقىلارنىڭ بېقىندىسى بولۇشقا رازى بولۇدىغان، تۆۋەن دەرىجىدىكى تەمىناتقا قانائەت قىلىدىغانلار ھېسابلىناتتى. ئۇلار سېسترا بولالايتتى، دوختۇر بولالمايتتى؛ ئادۋوكاتقا ياردەمچىلا بولالايتتى، ئادۋوكات بولالمايتتى؛ چېرتيوۋژ سىزغۇچىلا بولالايتتى، ئىنژېنېر بولالمايتتى؛ كاتىپ بولالايتتى، يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىم بولالمايتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئاياللار دوختۇر، ئادۋوكات، ئىنژېنېر بولالايدىغان بولدى. ھەممىدىن مۇھىمى، ھازىر ئاياللار يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى خادىملار قاتارىدىن ئورۇن ئالماقتا. كۆپلىگەن پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، كەسپىي جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىقتىدار جەھەتتىن ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپ ھېسابلاشقا بولمايدۇ. ئەكسىچە، ئاياللاردىمۇ ئالاھىدە قابىلىيەت ھازىرلىنىشى كېرەك. سودا - سانائەت تارماقلىرىدا ئانچىلىك قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئەرلەرمۇ ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ، لېكىن ئۇنداق ئاياللار پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

ھازىر، سودا - سانائەت كارخانىلىرىدىكى باشقۇرغۇچى خادىملارمۇ ئاياللارنىڭ ھەر تەرەپتىن تالانتلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تالانتىنى ھەرگىز بىكار ئىسراپ قىلىۋېرىشقا بولمايدىغانلىقىنى بارا - بارا تونۇپ يەتمەكتە. چۈنكى، 1975 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە، مۇنەۋۋەر باشقۇرغۇچى بولغان بىر ئەر خادىم ھازىرلىغان 22 ئاساسىي قابىلىيەتنىڭ سەككىزى جىنسىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكتىن بولسىمۇ، 14 ى جىنسىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكتىن ئەمەسكەن، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتە ئاساسىي ئىقتىدارنىڭ ئاياللاردا ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك بولۇدىغانلىقى بايقالغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاياللار بوغالتىرلىق ئىلمى، كۆزىتىش، يىغىنچاقلاش ۋە تىل بىلەن ئىپادىلەش، تولۇق ئەستە قالدۇرۇش، باشقىلارنى سۆز بىلەن قايىل قىلىش ئىقتىدارى ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى قاتارلىق جەھەتلەردە ئاجايىپ قابىلىيەتكە ئىگە كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە «ئايال دېرىكتورنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەر دېرىكتورغا ئوخشاش كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بارلىق ئىقتىدار ۋە تەسىرگە ئىگە بولغانلىق»ىدا دېگەن مۇنداق ھۆكۈمنى چىقىرىشقا بولىدۇ.

شۇنىڭدەك ئەگەر ئاياللارنىڭ ھەممىسى بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئىرادە باغلىغانلار دەپ قارالسا ئۇ ئەخمىقانىلىق بولىدۇ. كۆپلىگەن ئاياللار ئۆمۈرۋايەت ۋاپادار خوتۇن، مېھرىبان ئانا بولۇشقا رازى بولغانلاردۇر، ئۇ، شۇلارنىڭ ئارزۇسى، بۇنى بىزمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز ۋە ھۆرمەتلىشىمىز كېرەك. چۈنكى ھەممە ئادەمدە تاللىۋېلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

توختى باقى (ت)

# مۇھەببەت ۋە كەسىپ



مۇھەببەت بىلەن كەسىپنىڭ قايسىسىنى بىرىنچى ئورۇنغا، قايسىسىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇش، ياكى بۇلارنى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇش ياكى ماسلاشتۇرۇپ بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ مەسىلىدە بەزى ياشلار ھەمىشە بىرىنى دەپ بىرىنى تاشلاپ قويىدۇ ياكى ھەر ئىككىلىسى ئالدىدا گاڭگىراپ قالىدۇ.

مۇھەببەت بىلەن كەسىپ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان مۇھىم ئىككى تەرەپ، شۇنداقلا ياشلارنىڭ ئالدىغا قويۇلۇدىغان زور بىر مەسىلە. بۇ مەسىلە ياخشى ھەل قىلىنىدىكەن، مۇھەببەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلىنىپ، نىكاھ كەسپىي ئىشلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەكسىچە بولىدىكەن، مۇھەببەت ئېغىر يۈك بولۇپ، نىكاھ كەسپىي ئىشلارنى دەپنە قىلىدۇ.

ماركس ئۆزى بىلەن ژېننى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى «ئىلھام بۇلىقى»، «ئۇمىد نۇرى» دەپ تەرىپلىگەنىدى. ھەقىقەتەن، كۆڭۈللۈك مۇھەببەت خۇددى كۈچلۈك شامالدەك كەسىپ يەلكىنىنى كۈچلەندۈرۈپ، مۇۋەپپەقىيەت قىرغىقىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر ئىشق-مۇھەببەت دېڭىزىدىن ئۆزىنى تارتىپ ئالمىسا، كەسىپ ئۆركەشلىگەن مۇھەببەت دولقۇنىدا غەرق بولۇپ تۈگەيدۇ. «تۇرمۇش كىشىنى ئىنتايىن زېرىكتۈرىدىغان، يۈرەكنى زېدە قىلىدىغان قاقاس چۆلگە، قورقۇنچلۇق دوزاخقا ئايلىنىپ قالىدۇ».

مۇھەببەت كىشىلىك تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان مەزمۇن، لېكىن ئۇ ھەرگىز كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەممە مەزمۇنى ئەمەس. ئالدى بىلەن، مۇھەببەت باغلىغان ھەر ئىككى تەرەپتە ئورتاق غايە ۋە ئىنتىلىش بولۇشى، ئىككى يۈرەكنى باغلاپ تۇرۇدىغىنى، باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى ئورتاق ئۇلۇغۋار نىشان بولۇشى لازىم. بۇنداق مۇھەببەت مۇستەھكەم ئىدىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولالايدۇ. ئەگەر كىمدە-كىم مۇھەببەتنى پەقەت ياتجىنسلار ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي ئامراقلىق ئۈستىگىلا قۇيۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ مۇھەببىتى مۇقەررەر ھالدا بىر مەيدان پاجىئەگە ئايلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر بىر ياش مۇھەببەت باغلاش جەريانىدا، مۇھەببەت باغلىغان ئوبيېكتىنىڭ ئۆزى بىلەن ئورتاق غايە ۋە ئورتاق ئىنتىلىشىنىڭ بار-يوقلۇقىغا دىققەت قىلىشى، شۇ ئاساستا كۆزىتىشى كېرەك. ئورتاق غايە ۋە ئىنتىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇھەببەت كەسپىي ئىشلاردا ئۆزئارا قوللاش، تۇرمۇشتا ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلۈش، روھىي جەھەتتە ئۆزئارا ھالىغا يېتىش، جاپا-مۇشەققەتنى بىللە تارتىش، بەخت-سائادەتنى بىللە

كۆرۈشتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق چاغدا مۇھەببەت بىلەن كەسىپ مۇكەممەل بىرلىككە كېلىدۇ.

مۇھەببەت بىلەن كەسىپتە نىسپىي تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش كېرەك. مۇھەببەت لەززەتلىك بولۇپ، ئۇ كىشىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئەگەر مۇھەببەت ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلۇدىكەن ياكى بارلىق جىسمانىي ۋە روھىي كۈچ ئىككىيلەننىڭ مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ تۇرۇشقىلا سەرپ قىلىنىپ قارشى تەرەپنىڭ كەسپىنى سۆيۈش ئىرادىسىگە ھۆرمەت قىلىنمايدىكەن، ئۇ ھالدا مۇھەببەت بۇلىقى قۇرۇپ، مۇھەببەت گۈللىرى توزۇپ كېتىدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، مۇھەببەت — كەسىپىي ئىشلارنىڭ توسالغۇسى، مۇھەببەت باغلاش ۋاقىتنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىش، ئۆي تۇتۇش ئۆزىگە بويۇنتۇرۇق سېلىش دەيدىغان قاراشلارمۇ تۇرمۇش دىئالېكتىكىسىغا خىلاپ بولغان بىر تەرەپلىمە قاراش. مۇھەببەت باغلاش، توي قىلىش، پەرزەنت كۆرۈش ۋە ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇش — ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىدىكى ئاناتومىيىلىك ئېھتىياج ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياجىنىڭ تەلىپى، شۇنداقلا ئىنسانلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى تۈپ خۇسۇسىيەتلىك بىر خىل تەبىئىي قانۇنىيەت. بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىنىدىكەن، جەمئىيەت توختاپ قېلىش خەۋپىگە ئۇچرايدۇ. تۇرمۇش بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، كۆڭۈللۈك مۇھەببەت ۋە بەختلىك ئائىلە تۇرمۇشقا ھۆسن ۋە مول مەزمۇن قوشۇپ، كەسىپىي ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان ئاجايىپ كۈچكە ئايلىنىدۇ.

بىز مۇھەببەت بىلەن كەسىپ ئوتتۇرىسىدا جەزمەن رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بىرەر مىزان بەلگىلىيەلمەيمىز ياكى ئۇلارنىڭ تۇتىدىغان ئورنىنى بېكىتىپ بېرەلمەيمىز، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئۇنى ھەر بىر كىشى پەقەت ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ جانلىق بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ. ئالايلۇق، مۇھەببەت باغلىغان دەسلەپكى باسقۇچتا ئۇچرىشىش كۆپ، بىللە بولۇش ۋاقتى ئۇزۇنراق بولىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۆزئارا چۈشىنىشنى كۈچەيتىپ، ھېسسىيات يېتىلدۈرۈش زۆرۈر. لېكىن، مۇناسىۋەت ئاساسەن بەلگىلەنگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئاساسلىق كۈچ-قۇۋۋىتى ھەم ۋاقتىنى خىزمەت ۋە ئۆگىنىشكە قارىتىش كېرەك. بىر-بىرىنى ھەقىقىي چۈشەنگەنلەر، بۇنداق چاغدا تەبىئىي قانات چىقىرىپ بىللە پەرۋاز قىلىدۇ.

قىسقىسى، پەقەت مۇھەببەتكىلا بېرىلىپ، كەسپىنى تاشلىۋەتكەندە مۇھەببەت ئۇزاققا بارمايدۇ، پەقەت كەسىپكىلا بېرىلىپ مۇھەببەتنى تاشلىۋەتكەندە كەسىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ناتايىن. شۇڭا ھەر ئىككىلىسىنىڭ نىسپىي تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ تۇرۇش كېرەك.

ئەر-ئايال بىر-بىرسىنىڭ جىنسىي پەرقىنى چۈشىنىش، ئۇقۇشماسلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان مۇھەببەتتىكى ئازابلىنىشنى ئازايتىش كېرەك. ئەر-ئاياللارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن مۇھەببەت جەريانىدىكى پسىخىك ھالىتىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئەر ئۆزىنىڭ ئەرلىك سۈپىتى بىلەن يېقىملىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ تۇرغان تەقدىردىمۇ، لېكىن كەسپىنى مۇھىم بىلىش ئەرگە خاس مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك. مۇھەببەت بىلەن كەسىپ بىرلەشكەندە، ئەرلەرنىڭ ھېسسىياتى جۇشقۇن، تەمكىن، ئوي-پىكرى سالماقلىق بولىدۇ، ئاياللار بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلار قارشى تەرەپنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلغان ھامان قەلبىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھەتتا ھەممىسىنى ئەر ئىگىلىۋالىدۇ، ئاياللىنىڭ ھېسسىياتى ئۆزگىرىپ ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدىغان، نازۇك، گۇمانخور، مە-

(ئاخىرى 38 - بەتتە)

# چۆرىن يايلىقىدىكى خالىس ياش باغۋەن



ئابلىمىت قۇربان

موری قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ چۆرىن يېزىسىدا يېزا ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قازاق، خەنزۇ مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭدىن باشقا 30 ئۆيلۈك ئۇيغۇر چارۋىچىلار بولۇپ، ئۇلار يەتتە كەنتكە تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان. شۇڭا ئۇيغۇر بالىلىرى ئۈچۈن ئايرىم مەكتەپ قۇرۇلمىغانلىقتىن، ئۇلار قازاق ياكى خەنزۇ مەكتەپلىرىدە ئوقۇيتتى. ئەسلى مۇشۇ يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر چارۋىچىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئوقۇشتىكى قىيىنچىلىقىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ياش قىز ئامىنە قايىت 1984 - يىلى ناھىيە بازىرىدا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن چارۋىچىلارنىڭ ئاشۇ بىر قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كەلدى.

بۇ چاغدا بۇرۇن كۆچۈپ يۈرۈپ مال باقىدىغان چارۋىچىلار قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشى ئۈچۈن بىرقەدەر ياخشى شارائىت ھازىرلانغان، لېكىن ئۇيغۇرچە مەكتەپ بولمىغاچقا، ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا ئوقۇشسىز قالغانىدى. شۇڭا ئامىنە تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، ئۆز خىراجىتى بىلەن بولسىمۇ مەكتەپ ئېچىپ، ئوقۇشسىز قالغان بالىلارغا ئوقۇش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش قارارىغا كەلدى.

ئامىنەنىڭ ئاپىسى مەخان ئانا قىزىنىڭ مەكتەپ ئېچىش توغرىسىدىكى پىكرىنى قەتئىي قوللاپ، كېرەكلىك نەرسىلەرنى تولۇقلاشقا ياردەملەشتى. ھەتتا ئۆيىنىڭ ئاشتاختىسىنى قارا دوسكا قىلىشقا بەردى. ئامىنەنىڭ 4 - ئاكىسى تۇردى دۇكان ئېچىش ئۈچۈن تەييارلىغان بىر ئېغىزلىق ئۆيىنى بېرىپ، مەش ئورنىتىپ، خىشتىن ئۈستەل، پارتا - ئورۇندۇق ياساپ بەردى. ناھىيە بازىرى 1 - باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان 3 - ئاكىسى ساتتار سىڭلىسىنى چاقىرتىپ ئۆز يېنىدا بىر ئاي تۇرغۇزۇپ ئۇنىڭغا ئوقۇتۇش مېتودىنى ئۆگەتتى ھەمدە ئۇنى نۇرغۇن ئوقۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىدى. 2 - ئاكىسى قاھار ئامىنەنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى تېرىپ، كۆتۈرە ئالغان ماللىرىنى بېقىپ بەرمەكچى بولدى. ئامىنەنىڭ مەكتەپ ئاچماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەردار بولغان ئۇيغۇر چارۋىچىلار ئىنتايىن خۇشال بولۇپ بالىلىرىنى تىزىملاتتى ھەمدە ئۇنىڭ كەچ كۇرس ئېچىپ چوڭلارنىمۇ ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئامىنە 1985 - يىلى 1 - سېنتەبىر كۈنى دەرس باشلىدى. ئۇ كۈندۈزى بالىلارنى ئوقۇتسا، كەچتە چارۋىچىلارنى ئو-

قۇتۇپ، بىر قىشتىلا ئاساسىي جەھەتتىن
ئۇلارنىڭ ساۋاتىنى چىقاردى. 2 - يىلى ئۇ
مەكتەپكە يەنە بەش نەپەر ئوقۇغۇچى قو-
بۇل قىلىپ، چۈشتىن بۇرۇن 2 - يىللىق
سىنىپقا، چۈشتىن كېيىن 1 - يىللىق سى-
نىپقا دەرس ئۆتتى. ئامىنە مەكتەپ ئاچ-
قان ئىككى يىلدىن بۇيان ئوقۇغۇچىلار-
دىن ئوقۇش راسخوتى ئالمىغانىنىڭ سىر-
تىدا، ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئوقۇش
ماتېرىياللىرى سېتىۋېلىپ بۇنىڭ بىلەن ئا-
ئىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنى
تەمىنلىدى، ھەر بىر چارەك ۋە ئوقۇش
مەۋسۇمىدە ياخشى ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار-
نى ئوقۇش ماتېرىياللىرى بىلەن مۇكاپات-
لاپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىغا ئىل-
ھام بەردى. ئۈچ نەپەر ئۆيى يىراق ئو-
قۇغۇچىنى ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزۇپ ئوقۇتتى.
بۇ يىل يېڭى يىل كۈنى، ئۇ مۇناسىۋەت-
لىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئون
نەپەر ئوقۇغۇچىنى پىئونېرلىققا ئۆتكۈزدى.
چۈرىن يېزىسىدا ئۇيغۇر پىئونېرلار كى-
چىك ئەترىتى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئو-
قۇغۇچىلارنىڭ روھىي قىياپىتىدە يېڭى ئۆز-
گىرىشلەر بارلىققا كەلدى. پىئونېرلار ئەت-
رىتى ئوقۇغۇچىلار يازغان ماقالە، شېئىر،
قوشاق ۋە سىزما رەسىملەرنى تاللاپ تام
گېزىتى چىقاردى.

ئامىنەنىڭ ئىش ئىزلىرى ھەرقايسى
ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق تېز تارىلىپ
ئاپتونوم رايونىمىز ۋە مەملىكىتىمىز بويى-
چە زور تەسىر قوزغىدى. «شىنجاڭ مائا-
رىپى» ۋە «بىلىم - كۈچ» ژۇرناللىرى ئامى-
نەگە ژۇرنالنىڭ ھەر بىر سانىنى ئايمۇ-
ئاي ئەۋەتىپ تۇردى. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر
قايسى جايلىرىدىن مەدھىيە خەتلىرى كەل-
دى. ياپونىيىلىك دوست (ياپونىيە - جۇڭ-
گو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى) فۇ-
تيەن يىلاڭ ئامىنەنىڭ خەلق گېزىتىگە بې-
سىلغان سۈرىتىنى كېسىپ ئېلىپ ئۇنى بىر
پارچە خەت ۋە بىر كۆپلېت قوشاق بىلەن
قوشۇپ ئامىنەگە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ھەر تە-
رەپلىمە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇنداق قوللاش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش-
لەردىن غايەت زور كۈچ ۋە مەدەت ئال-
غان ئامىنەنىڭ ئۆز خىزمىتىگە بولغان مۇ-
ھەببىتى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. ئۇ ئوقۇ-
تۇش خىزمىتىنى ياخشىلاپ چارۋى-
چىلار ئۈچۈن تېخىمۇ جان كۆيدۈرۈپ ئىش-
لەش قارارىغا كەلدى.

ئامىنەنىڭ مەكتىپى بىر ئېغىزلىق
كىچىك ئۆي بولغاچقا، ئىككى يىللىقنىڭ
ئوقۇشى ئۈچۈن قولايسىز ئىدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ
ئۆيلىرىدىن يىراق كەنتكە جايلاشقان بولغاچ-
قا، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كېلىپ - كېتىش-
تە قىيىنچىلىق تارتىپ قالغانىدى. ئامىنە
ئوقۇتۇش خىزمىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاپى-
سى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تەييار ئۆي-
لىرىدىن، ماللىرى ئۈچۈن سالغان ئېغىل-
قوتانلىرىدىن، نەچچە يىل ئەجىر سىڭدۈ-
رۈپ ئۆزلەشتۈرگەن ئېتىزلىرىدىن، ھەر
يىلى تولۇقلاپ تېرىپ يېتىشتۈرگەن بېدى-
لىك يەرلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆيىنى ۋە
مەكتىپىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېلىپ - كېتى-
شى ئەڭ قولايلىق بولغان باشقا بىر كەنت-
نىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆچۈرۈپ باردى. موري
قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى ھەرقايسى
تارماقلار ھازىر ئامىنەنىڭ مەكتەپنى ياخ-
شىلاپ ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇشى ئۈچۈن زور
كۈچ بىلەن ياردەم بەرمەكتە. ئامىنەنىڭ
ئەمگىكىمۇ قەدىرلەشكە ئېرىشتى. ئۇ بۇ ئىك-
كى يىل ئىچىدە ئۇدا ئىككى قېتىم ئۈل-
گىلىك ئوقۇتقۇچى، بىر قېتىم مۇنەۋۋەر
ئىتتىپاق ئەزاسى بولۇپ مۇكاپاتلاندى. بۇ
يىل يەنە يېزا بويىچە خەلق ۋەكىلى بو-
لۇپ سايلاندى.





# موكۇيلا يېزىلىق پارتكوم ئاياللار خىزمىتىگە ئوبدان ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، ئاياللارنىڭ ئىسلاھاتتىكى رولى ياخشى جارى قىلدۇرۇلدى

ئاتىكەم نۇرى

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان موكۇيلا يېزىلىق پارتكوم ئاياللار خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە 3 - كەسىپنى گۈللەندۈرۈشكە ئوبدان يېتەكلىگەنلىكتىن ئاياللار قاتنىشىدىغان ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسى بارغانسېرى كېڭەيدى.

ئاياللار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، سودا - سانائەت، مۇلازىمەت، يۆتكەپ سېتىش قاتارلىق ئىشلارغا كەڭ كۆلەمدە قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاياللار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان كەسپىي ئائىلىلەر ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى.

پارتكومنىڭ سەپەرۋەر قىلىشى بىلەن ھەرقايسى مەھەللە كومىتېت ئاياللار مۇدىرلىرى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق پۈتۈن ئاياللارغا تەسىر كۆرسەتتى. 10 - مەھەللە گۇرۇپپىسىدىن ئايىمخان ئۈن تارتىش زاۋۇتى قۇرۇپ، بىر يىل ئىچىدە 2 مىڭ 800 يۈەن ساپ كىرىم قىلدى. 3 - مەھەللە گۇرۇپپىسىدىن جەننەتخان ياغ تارتىش زاۋۇتى قۇرۇپ، بىر يىل ئىچىدە 1 مىڭ 300 يۈەن ساپ كىرىم قىلدى. 6 - مەھەللە كومىتېتىن بوۋئايشىخان ئايال-

لارنى ئاساس قىلغان سەيپۇڭچىلىق
دۇكىنى قۇرۇپ، يىللىق ساپ كىرىمىنى
4 مىڭ يۇەنگە يەتكۈزدى.

2 - مەھەللە كومىتېتىتىن پاتەمخان
قوي بورداپ سېتىپ، يىللىق ساپ كىرىمى-
نى 4 مىڭ 500 يۇەنگە يەتكۈزدى. 1 - مە-
ھەللە كومىتېتىتىن نۇرنىساخان توخۇ فېر-
مىسى قۇرۇپ، يىللىق ساپ كىرىمىنى 1 مىڭ
200 يۇەنگە يەتكۈزدى. بۇنىڭ تۆرتكىسى
بىلەن 1987 - يىل يېزا بويىچە 1 مىڭ
500 دىن ئارتۇق ئائىلە باقمىچىلىق بىلەن
شۇغۇللىنىپ ساپ كىرىمىنى ئالدى 2 مىڭ
يۇەنگە يەتكۈزدى. 47 ئائىلە توخۇ بېقىپ
ساپ كىرىمىنى مىڭ يۇەنگە يەتكۈزدى.

يېزىلىق پارتكوم ئاياللارنى پىلە بې-
قىشقا سەپەرۋەر قىلىش بىلەن بىللە يېڭى
تېخنىكا تەلىپى بويىچە تېخنىكا سۈپىتى-
نى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مەخسۇس ئۆگىنىش
كۇرسلىرى ئاچتى. بۇنىڭ بىلەن بۇ يېزى-
دىكىلەر 360 قۇتا پىلە بېقىپ ئۇنىڭدىن
18 مىڭ 500 جىڭ مەھسۇلات ئېلىپ، يىل-
لىق مەھسۇلات مىقدارىنى ئۆتكەن يىلقى-
دىن 4 مىڭ 384 جىڭ ئاشۇردى. بولۇپ-
مۇ مەھەللە كومىتېت مۇدىرلىرى نۇرانى-
خان، نۇرنىساخان، مەريەمخانلار ئۆزلىرى
ئۈلگە بولۇپ مەھسۇلات مىقدارىنى يىلمۇ-
يىل ئاشۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق باشقىلارنى يې-
تەكلىدى. ھازىر بۇ يېزىدىكىلەر پارتكوم-
نىڭ ياردەم بېرىشى، يېزىلىق ئاياللار بىر-
لەشمىسىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكلىشى ئارقى-
سىدا پىلىنى ئۆتكەن يىلقىدىنمۇ جىق بې-
قىش، ياخشى بېقىپ مەھسۇلاتنى يەنىمۇ
ئاشۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن يېڭى ئۇسۇلدا پى-
لە بېقىش چارە - تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەش-
تۈرۈپ، پىلە بېقىش جازىسىدىن 150 تىن
ئارتۇقنى ياساپ بولدى. ئاياللار مۇدىر-
لىرى يەنە داۋاملىق جازا ياساشنىڭ تەييار-
لىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىمەكتە. 7 مىڭ 657
نەپەر ئايال كۆكەرتىش خىزمىتىگە
قاتنىشىپ ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدىلا 341
مىڭ 834 تۈپ مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز كۆ-
چەت تىكتى. ئاياللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتى-
كى رولى ياخشى جارى قىلدۇرۇلۇپ، بوغ-
دايىنىڭ پەرۋىشى چىڭ تۇتۇلغانلىقتىن،
1987 - يىل ئىچىدە ھەر خىل تەبىئىي
ئاپەتلەر ئېغىر بولغان بولسىمۇ 120 مىڭ
جىڭ بوغداي مەھسۇلاتى ئاشۇرۇپ ئېلىندى.

2 مىڭ 600 مو كېۋەز مايسىسى ئو-
مۇميۈزلۈك ئۈششۈپ كېتىپ ئىككى،
ئۈچ قېتىم قايتا - قايتا تېرىلغانىدى،
بىراق پەرۋىشى ياخشى تۇتۇلغانلىقتىن مەھ-
سۇلات يەنىلا ئاشۇرۇپ ئېلىندى.

باللارنى بېقىش - باشقۇرۇش خىزمى-
تى ئالاھىدە چىڭ تۇتۇلدى. توققۇز ئو-
رۇندا قۇرۇلغان تەييارلىق سىنىپلىرىدا
جەمئىي 1 مىڭ 875 نەپەر بالا تەربىيىلەن-
مەكتە. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىراش ۋا-
قىتلىرىدا يەنە ئېتىز ئۈستى يەسلىلىرى
تەشكىللىنىپ تۇردى. باللار ئۈچۈن 20
ئورۇندا مەدەنىيەت ئۆيلىرى قۇرۇلۇپ ئۇ-
لارنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن قولايلىق شارا-
ئىت يارىتىپ بېرىلدى.

چوڭلارنىڭ ساۋات چىقىرىش ئىشى
چىڭ تۇتۇلدى. ئاياللار بىرلەشمە كادىر-
لىرى 16 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان سا-
ۋاتسىزلارنى تۆركۈمگە بۆلۈپ ئوقۇتۇپ،
يېزىنى ساۋاتسىزلىقتىن خالى يېزا دېگەن
شەرەپلىك نامغا ئىگە قىلدى.

بەشتە ياخشى ئائىلە پائالىيىتى چىڭ
تۇتۇلدى. بەشتە ياخشى ئائىلىلەرنى ھەر
يىلى ئىككى قېتىم شەرتلەرگە سېلىشتۇ-
رۇپ باھالاش خىزمىتى ئىشلەندى. ھەر
نۆۋەتلىك باھالاپ تۇرغۇزۇشتا بۇرۇن با-
ھالانغان بەشتە ياخشى ئائىلىلەرمۇ قايتى-
دىن باھالاپ بېكىتىپ چىقىلدى. بۇنىڭ
بىلەن بەشتە ياخشى ئائىلىلەرنىڭ رولى
تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلىندى.

# خوتەن ۋىلايەتلىك 1-ترانسپورت شىركىتى «مۇنەۋۋەر ئائىلە ئايالى» مۇكاپاتى تەسىس قىلدى

ئىمىن قۇربانىياز

خوتەن ۋىلايەتلىك 1-ترانسپورت شىركىتى ئىسلاھات داۋامىدا ئىزدىنىش، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، 1986-يىلىدىن باشلاپ «مۇنەۋۋەر ئائىلە ئايالى» مۇكاپاتى تەسىس قىلىپ ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

بۇ شىركەت ئۇزۇن يوللۇق يۈك توشۇشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، شوپۇرلارنىڭ ئائىلىدە تۇرىدىغان ۋاقتى ناھايىتى ئاز، ئۇلارنىڭ كۆپ ۋاقتى خوتەن-ئۈرۈمچى تاشيولىدا ئۆتىدۇ، شۇڭا بالا بېقىش، ئوتۇن-كۆمۈر، ئۇن سېتىۋېلىش، چوڭلارغا قاراش قاتارلىق ئائىلە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئاياللىرىغا قالغاچقا، بىر قىسىم ئاياللار ئەرلىرىدىن ئاجرىشىپ كېتىشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر «قىسىملىرى ئەرلىرى يولدىن كېلىشى ھامان جېدەل-ماجىرا قىلىپ ئۇلارنىڭ خاتىرجەم خىزمەت ئىشلىشىگە تەسىر يەتكۈزگەنىدى.

شىركەت رەھبەرلىكى يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، «شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ يىلدىن-يىلغا ياخشى بولۇشىدا ئائىلە ئاياللىرىنىڭمۇ قوشقان تۆھپىسى بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئۇزۇن يولغا چىقىپ كەتكەندە ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئېلىپ جاپا تارتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىمۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئوخشاشلا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن رىغبەتلەندۈرۈپ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش كېرەك» دەپ قارىدى ۋە «مۇنەۋۋەر ئائىلە ئايالى» مۇكاپاتى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى.

ئۇلار 1986-يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەش ئۈچۈن ئېچىلغان چوڭ يىغىندا 26 نەپەر ئائىلە ئاياللىرىنىمۇ مۇكاپاتلىدى. 1987-يىلى ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالانغان 29 نەپەر شوپۇرنىڭ ئۆيلىرىگە داقا-دۇمباق چېلىپ بېرىپ، خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە ئىشىكلىرىگە تەبرىك خەتلىرى چاپلىدى. ئەگەر ئايالى خىزمەتتە بولسا خىزمەت ئورنىغا بېرىپ تەبرىكلىدى. 1987-يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەش يىغىنىدا بۇ 29 نەپەر ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ ئاياللىرىمۇ 150 يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي نەرسە بىلەن مۇكاپاتلاندى. نەتىجىدە بۇ ئىش پۈتۈن شىركەتتىكى ئائىلە ئاياللىرى ئۈچۈن زور ئىلھام بولدى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ئەرلىرىنى بۇرۇنقىدەك يولغا چىققىلى قويماي جېدەل-ماجىرا قىلىدىغان ھالەت ئۆزگىرىپ، ئاياللار ئوتتۇرىسىدا تېز ھەم بەختەر قاتناپ، پىلاننى ئاشۇرۇپ ئورۇنداشقا دەۋەت قىلىدىغان يېڭى مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

بۇ تەدبىر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى. شۇڭا، 1987-يىللىق ساپ پايدا 1 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغان يىللاردىكىدىن ئېشىپ كەتتى.

# خۇراپاتلىقتا ئىشىنىشنىڭ ئاقىۋىتى

(ئوچېرك)

خالىس

ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى كىشلەرنى ئالەم ئارا ئۇچۇرۇپ يۈرگەن بۈگۈنكى
1980 - يىللاردىمۇ بەزى ئادەملەر يەنىمۇ خۇراپاتلىققا چىرمىلىپ، داخان، پىرىخۇنلارغا
باش ئۇرۇپ، ئۆزىنىڭ — بىر ئىنساننىڭ بەختىنى يەنە بىر ئىنساننىڭ سىرلىق پىچىر-
لاشلىرىدىن ئىزدىمەكتە. بىر قىسىم ئالدامچى، قىزىلكۆزلەر ئايرىم نادان ئادەملەرنىڭ
ئاشۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى «ئەۋلىيا» كۆرسىتىپ، تەر تۆكمەي جان بېقىشنىڭ
كويىدا بولماقتا. بىز «خۇراپاتلىققا ئىشىنىشنىڭ ئاقىۋىتى» دېگەن بۇ ئوچېرك ئارقىلىق
ھەممىمىزنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان بىر ئېچىنىشلىق ۋەقەنى نەزەرىڭىزگە سۇندۇق.
بىز قاچانغىچە ئۆز پۇتىمىزغا ئۆزىمىز خۇراپاتلىق كىشەننى سېلىپ، ئۆز - ئۆزىمىزنى نا-
بۇت قىلىپ يۈرىمىز؟! قاچانغىچە ئىدىيىمىزنى چىرماپ كەتكەن ئاشۇ بولمىغۇر قالاقلىق-
نىڭ قۇربانى بولىمىز؟!

بۇ ساۋاقتىن ھەممەيلەن ئىبرەت ئېلىشى، بۇ خىل خۇراپاتلىق كۆزقاراشلارغا
خاتىمە بېرىشى لازىم.

تەھرىردىن

كاڭدا بىر قىزنىڭ جەسىتى ياتات-
تى، ئىككى نەپەر قانۇن دوختۇرى قىز-
نىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى كېسىپ تەندىن
ئاجراتقاندىن كېيىن، جەسەتنى تەكشۈ-
رۈشكە كىرىشتى. بەدەنىدىكى جاراھەت
ئىزلىرى گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرۇپتىكى، ئۇ-
نىڭغا زىيانكەشلىك قىلغۇچى تىغ ئىشـ-
لەتكەن ئەمەس، تاياق - توقماق ئىشلەت-
كەنمۇ ئەمەس ياكى بوغۇپ ئۆلتۈرگەنمۇ
ئەمەس. قىزنىڭ دۈمبە، بويۇن، كاسا،
يوتا، پاقالچاق، مۇرە، جەينەك ھەم
قول - پۇت بارماقلىرى تېرىسىنىڭ پىششىپ
سويۇلۇشىدىن قارىغاندا كۆيۈكتە ئۆلگەن-
لىكى مەلۇم.

مانا بۇ — 1988 - يىلى 4 - فېۋرال
سەھەردە پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازار
يېڭىشەھەر مەھەللىسىدە يۈز بەرگەن
پاجىئە!

بۇ تراگېدىيىنىڭ رېژىسسورى خۇ-
راپىلار پاجىئەگە ئۇچرىغۇچى باش قەھ-
رىمان نادانلار: بۇ تراگېدىيىگە قاتناش-
قۇچىلار بولسا گىرىم بىلەن سەھنىگە
چىقىدىغان ئارتىسلار ئەمەس، بەلكى
سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزنىڭ بۇلۇڭ-
پۇچقاقلىرىدا قېپقالغان كونا دۇنيانىڭ
ئاسارىتى بولغان پىرىخۇنلۇق، داخانلىق،

جىنخورلۇق بىلەن جاھالەت ئومۇرلىرىنى
ئورۇنداۋاتقان ئالدامچىلار. ئۇلارنىڭ دې-
يىشىچە ئۇسسۇل ئويناشقا مەلۇم بەدەل تۆ-
لەپ ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىدىغان
ئادالار.

قانۇن دوختۇرلىرى قىزنىڭ جەس-
ىتىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈشتىن خاتىرە
يازاتتى، بۇ ئۆي ئۆلگۈچىگە بۇرۇن ناتو-
نۇش، ئۇنداقتا بۇ قىز بۇ ئۆيگە قانداق
كېلىپ قالدى؟ قانداق كېلىپ قالاتتى،
ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىپ قالغان. ئۇنى
نادانلىق باشلاپ كەلگەن. زىيانكەشلىككە
ئۇچرىغۇچى ھە × × ئەمدىلا 19 ياشقا
كىرگەن بولۇپ، يېچان ناھىيە لەمجىن
يېزا كارىز مەھەللىسىدىن. ئۇ، مەكتەپ
يۈزى كۆرمىگەن، يېزا تەۋەسىدىن سىرت-
قا چىقىپ باقمىغان، ھە × × نىڭ ئەمدىلا
19 ياشقا كىرىشىگە قارىماي ئائىلىسىدىكى-
لەرنىڭ ئۇنىڭغا لايىق چىقمىدى دەپ
بەكمۇ ئىچى پۇشقان. شۇنىڭ بىلەن
«باشقىلار ئوقۇپ ئالدىنى توسۇپ قويىدى-
مىكىن» دېگەن گۇمان بىلەن موللىغا
ئوقۇتماقچى بولغان.

1 - فېۋرال ھە × × ئاپىسى بىلەن
لۈكچۈنگە كېلىپ داخان مۇھەممەت يۈ-
سۈپلەرنىڭ ئائىلىسىگە چۈشتى. بىر كې-
يىملىك نىلۇن رەخت، بىر لىگەن ئۈزۈم،
بەش نان بىلەن موللىسىنىڭ ئائىلى-
سىنى يوقلىدى. 2 - فېۋرال ھە × × نىڭ
ئاپىسى ئائىلىسى، كىچىك باللىرىدىن
ئەندىشە قىلىپ خاندوغا قايتماقچى بولدى،
ھەمدە مۇھەممەت يۈسۈپكە مەقسىتىنى
ئۇقتۇرۇپ، قىزىنى ئوقۇپ قويۇشنى تا-
پىلىدى. قىز ئاپىسىنى ئۇزاتقىلى چىق-
قاندا ئاپىسى قىزىغا 25 يۈەن پۇل
بېرىپ، 20 يۈەننى موللىغا بېرىشنى تا-

پىلاپ كېتىپ قالدى.

شۇ كۈنى داخان مۇھەممەت يۈ-
سۈپ قىزغا «قەسىدە» ئوقۇدى. 3 -
فېۋرال كەچقۇرۇن مۇھەممەتنىڭ ئاتىسى
رەننامە ئوقۇپ «سۈپكۆش» قىلدى ھەم:
— ئەمدى يەتتە خىل مېۋىلىك دەر-
ەخ، يەتتە خىل مېۋىسىز دەرەخ، يەتتە
قۇدۇق، يەتتە تاۋۇت، يەتتىنىڭ ... ياغىچى
قالىنىپ ئۆيدە ئىشلىتىدىغان يەتتە
خىل تىغ جابدۇق قىزدۇرۇلدى. بۇنى
يەتتە بۇلاق، يەتتە ئۆستەڭ، يەتتە كا-
رىز، يەتتە تۈگمەن ... نىڭ سۈيىگە سې-
لىپ سىزنى ھورداش كېرەك. بۇنى مۇ-
ھەممەت قارى بېجىرىدۇ. مەن ئامانشاغا
كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان بىرسىنى
ئوقۇغىلى بارىمەن، — دەپ كېتىپ قالدى.
بۇ چاغدا مۇھەممەتنىڭ بىر ئاغىنىسى
ئايالى بىلەن كېلىپ نېرىقى ئۆيدە مېھ-
مان بولۇپ ئولتۇراتتى. مۇھەممەت ئۇلار-
نى قىزنى ئوقۇغان ئۆيگە كىرىپ «تاما-
شا» كۆرۈشكە چاقىردى.
— بۇ قىز قانداق ئاغرىقكەن؟ —
دەپ سورىدى مېھمان.
— ئاغرىق بولامدۇ، ئەر كەلمىدى،
دەپ ئالدىنى ئاچۇرغىلى كېلىپتۇ. ھا -
ھا - ھا!
ئۇلار بىمەنە چاقچاقلارنى قىلىشىپ
كۈلۈشتى. مېھمان باشقا شەھەردىن بولۇپ،
ھۈنەر ئۆگەنگىلى كەلگەنىدى. ئۇ مۇھەممەتنىڭ
ئوكاي پۇل تاپىدىغان ھۈنىرىگە قىزىقىپ،
كىرىپ كۆرۈپ بېقىشقا تېزلا قوشۇلدى
ۋە ئايالىنى ئېلىپ قىز بار ئۆيگە كىرىپ
جايلاشتى.

بىر كىشىلىك قوپال ئورۇندۇق
كاڭغا بىر مېترچە ئارىلىق قالدۇرۇپ قو-
يۇلدى. قۇرۇلۇشتا ئىشلىتىلىپ تاشلىۋەت-

كەن بامبۇك تاختىلارنى تارغاق قىلىپ مىخلىغان تاختىدىن ئىككى پارچىنى (بىرى 30 سانتىمېتر، يەنە بىرى 15 سانتىمېتر كەڭلىكتە) بىر ئۇچىنى كالىگىغا، يەنە بىر ئۇچىنى ئورۇندۇققا چىشلەشتۈرۈپ قويۇپ، بىر قىزىل پالازنى قاتلاپ ئۈستىگە ياپتى. ئاندىن قىزنى ئىچ كىيىملەر بىلەن پايپاقچان قىلىپ بامبۇك تاختا ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى. مۇھەممەتنىڭ ئايالى يوتقان قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قىزنىڭ باش قىسمىدىن تارتىپ قالغان جايلىرىنى ھەم پۆركىدى. داس تاختاي ئاستىغا قويۇلۇپ، مەش ئۈستىدىكى ھېلىقى «شىپالىق سۇ» داسقا قۇيۇلدى. مەشنىڭ ئۈستۈنكى قاپقىقى ئېچىلىپ، مۇھەممەتنىڭ قىسقۇچىغا بىرىنچى بولۇپ چوغلانغان جوتۇ قىسىلدى. جوتۇ ھور چىقىپ تۇرغان سۇغا پاتتۇرۇلۇش ھامان ۋىجىلداپ ئاۋاز چىقىپ ھور ئۈستىگە ئۆرلىدى ۋە ئەتراپ ھەم ئېتىلگەچكە ئىسسىق ھور قىزنىڭ تېنىگە ئۇرۇلدى. ھەر قېتىم كۆتۈرۈپ چۆكۈرگەندە ھور ئۆرلەپلا تۇردى، قىز بەرداشلىق بېرەلمەدى...

ئىككىنچى قېتىمدا ئالقانچىلىك كېلىدىغان بىر ئىلىك قېلىنلىقتىكى قىپقىزىل تۆمۈر پارچىسى سۇغا پاتتۇرۇلدى. قىز ئولتۇرالماي قالدى.

— غەيرەت قىلىڭ، — دېدى مۇھەممەتنىڭ ئايالى.

— ۋايجان، بولالمايۋاتىمەن.

— توۋا دەڭ، — دېدى مۇھەممەت قىسقۇچتىكى سوۋۇپ قالغان تۆمۈرنى تاشلىۋېتىپ، ئۈچىنچى قېتىمدا يەنە ئالقانچىلىك چوغلانغان تۆمۈر قىسىپ ئېلىنىپ سۇغا پاتتۇرۇلدى.

— توۋا، توۋا، — دەپ ئۆز گۇناھلىرىغا توۋا قىلىپ بەختىنى تىلەۋاتقان قىز، — ئاكا، سالمىسىلا، — دەپ نالە قىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ داد-پەريادىغا چىدىمىغان مۇھەممەتنىڭ ئايالى ھەم مېھمان مۇھەممەتكە «بولدى قىلىڭ» دەپ توختىتىپ قويدى.

— مۇھەممەتنىڭ ئايالى قىزنى يۆلەپ كاڭغا ئەپچىقىپ يەنە يوتقان بىلەن پۆركەپ ياتقۇزۇپ قويدى. 20 مىنۇت ئەتراپىدىكى ھورداش قىزنى ئوبدانلا ھالىدىن كەتكۈزۈپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرى پىژىلداپ ئېچىشىپ ئاغرىيتتى.

— ئۇسساپ كەتتىم، — دېدى قىز. مۇھەممەتنىڭ ئايالى بىر پىيالە قايناق سۇ بەردى، — قىز ئۇسسۇزلۇقۇم بېسىلمىدى، — دېگەندە مۇھەممەت داستىكى «شىپالىق سۇ»دىن بىر پىيالە ئېلىپ ئۇزاتتى.

مېھمانلار كەتتى. لېكىن قىزنىڭ ھالى خارابلاشتى...

ئۇ سەپرا قىلىپ ئىنجىقلاپ جىمىقىپ قالدى. مۇھەممەت ئايالى بىلەن ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. مۇھەممەت يېزا دوختۇرىنىڭ ئىشىكىنى مۇشتىلىدى، ئايال دوختۇر نېمە ئىشلىكىنى سورىغاندا، سۆز تاپالمىغان مۇھەممەت:

— ئايالىمنىڭ سىڭلىسى كەلگەنىدى، تۇرۇپلا يەل بوغۇۋالدى. ھوشسىز ياتىدۇ، — دېيەلىدى.

— يەل بوغۇۋالغان بولسا، بارماق بىلەن بىگىز قول تۇتۇشىدىغان جايىدىكى پەللىنى، بۇرنىنىڭ ئاستىدىكى پەللىنى ئۇۋۇلاپ بەرسىڭىز ئوڭلىنىپ قالىدۇ، مەندە دورا يوق، — دەپ يولغا سالدى دوختۇر.

ئەر-ئايال بىرلىكتە دوختۇرنىڭ ئېيتقىنىنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئۈنۈمى بولمىدى. مۇھەممەت يەنە بېرىپ دوختۇرنى چاقىرىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن قىزنىڭ تىنىقى ئاللىقاچان توختىغانىدى. بۇ، كەچ سائەت ئونلاردىكى ئىش ئىدى. ئەس-ھوشىنى يوقاتقان مولىلىچاق دەرۋازا قېقىپ، قولۇم-قوشنىلىرىنى، ھاجىم-ئىماملارنى چاقىردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىزنى يەل بوغۇۋالدى دەپلا خاندودىكى ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ «باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە، قول كېسىلسە يەڭ ئىچىدە» دېگەندەك قىلىپ قۇتۇلماقچى بولدى. لېكىن مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى قوشۇلمىدى.

— ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، ئالدى بىلەن مەھەللىمىزنىڭ كادىرلىرىنىڭ رۇخسىتىنى ئالايلى، — دېدى ئىمام. شۇجى بىلەن مۇدىر ھازىر بولدى. ئۇلار جەسەتتىكى ئالامەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، جەسەتنى يۆتكەشكە قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ پەيچۇسوغا ئادەم ئەۋەتتى. مانا بۇ 4-فېۋرال ئەتىگەن سائەت تۆتتىكى ئىش.

داخان مۇھەممەت يۇسۇپنى ساقچىلار پەيچۇسوغا ئېلىپ ماڭدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئەل-جامائەت داخان قىياپىتىگە كىرىۋالغان بۇ ئوغرى لۈكچەك، ئالدامچىغا، ياش قىزنىڭ نەۋقىران چاغلىرىنى غازان قىلغان خۇراپاتلىق، نادانلىققا لەنەت ئوقۇشتى.

— چار ساقاللىق بىر كىشى قېشىمدا تۇرغان بوۋايغا:

— سىلى بىلەمسىلە، بۇ مۇھەممەت دېگەن نېمە تېخى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىلا ئۇچىغا چىققان لۈكچەك، زىناخور ئوغرى ئىدى. ئەمدى ئېگىنىگە تۆت تال تۈكنى ئۇندۇرۇۋېلىپ، تەرەت ئالماي ناماز ئوقۇپ كىشىلەرنى «ئوقۇيمەن» دەپ ئالداپ، نادانلارنى قاقتى-سوقتى قىلىۋاتىدۇ، — دېدى. بوۋايمۇ دەرھال سۆز قوشتى:

— پىرىخۇن، داخان، جىنخور دېگەنلەر ئىسلام دىنىمىزغا يات. شۇڭا بۇنداقلارنى مۇسۇلمان دېيىشكىمۇ بولمايدۇ.

سوراق نەتىجىسىدە ئاشكارىلاندىكى: داخان مۇھەممەت يۇسۇپنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان، ھەتتا ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلغان. ھالال ئەمگەك بىلەن جان بېقىشقا كۆزى يەتمەي مۇشۇ كەسىپنى تاللىۋالغان.

ئۇ 210 ئادەم قېتىم رەنىنامە، قەسىدە ئوقۇپ، 30 قېتىم ھورداپ نادان كىشىلەرنىڭ نۇرغۇن پۇل، رەخت قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئالداپ ئېلىۋالغان.

ئالدامچى، لۈكچەك، ئوغرى مۇھەممەت يۇسۇپ ھازىر قانۇننىڭ جازاسىنى كۈتمەكتە.

ئاھ، 19 ياش! 19 ياش چاغلار قانداق چاغلار؟ ئۆگىنىدىغان، ئىشلەيدىغان، ئۆز بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان چاغلار ئەمەسمىدى؟!



# ئەخلاقىي تەربىيىنى كىچىك بالىلاردا ھېسداشلىق تۇيغۇسى يېتىلدۈرۈشتىن باشلاش كېرەك

ئادەم تۇغۇلۇشتىلا ئەخلاقلىق ياكى ئەخلاقسىز بولۇپ تۇغۇلمايدۇ. دەسلەپكى ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرى بالىنىڭ ئەخلاقىي ھېسسىياتى، ئەخلاقىي ھەرىكىتى ۋە ئەخلاقىي تونۇشىغا ئۇل سالىدۇ. بارلىق ئالىيجاناب ئاڭ ۋە مىجەز گۆدەك قەلبىدە ھېسداشلىقتىن باشلىنىدۇ. كىچىكىدىن باشلاپ ھېسداشلىق تۇيغۇسىغا ئىگە بولغان بالىلار ئاق كۆڭۈل، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بولىدۇ. ئۇلار مۇقەررەر ھالدا ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، ئۇستازلىرى ۋە كىچىك دوستلىرىغا كۆيۈنۈپلا قالماستىن، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ۋەتەننى، ئىنسانىيەتنى ۋە بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنى سۆيىدىغان، ھەر خىل نەپسانىيەتچىلىك ۋە جىنايى قىلمىشلاردىن قاتتىق يىرگىنىدىغان بولۇپ يېتىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئەخلاقىي تەربىيىنى كىچىك بالىلاردا ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشتىن باشلاش لازىم.

خوش، قانداق قىلغاندا بالىلاردا ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى بالدۇرراق يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ؟

1. بالىلارغا كۆيۈنۈش، لېكىن ئاشكارا كۆيۈنۈپ كەتمەسلىك لازىم. بالىلارغا كۆيۈنۈپ مېھرى-شەپقەت يەتكۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارغا قائىدە سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ بەڭباش، مىشچان بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئاتاقلىق پېداگوگىكا ئالىمى سوخوملىنسكى بالىلارنى مەن ئائىلىگە شادلىق ئېلىپ كەلدىم دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويماسلىق، بەلكى ئۇلارغا ئاتا-ئانام ماڭا بەخت ئاتا قىلدى، مەن ئاتا-ئانام ئالدىدا قەرزدار، دېگەننى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك، دېگەنىدى. بالىلار بىرەر ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئائىلە باشلىقلىرى ئۇلارغا ھەددىدىن زىيادە ئاشكارا كۆيۈنۈپ كەتمەسلىكى، ھەتتا ئۇلارنى «ئالاھىدە ئورۇن» غا ئىگە قىلىپ قويماسلىقى لازىم. بىر ئائىلە كىشىلىرى بالىغا ھەددىدىن زىيادە قىزغىن مۇئامىلە قىلسا، ھەتتا ئۇنىڭغا يېلىنسا بالا ئاتا-ئانىسىنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىنى قىلچە قەدىرلىمەيدىغان، ئۇرۇق-تۇغقانلاردىن مىننەتدار بولمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. قەدىمكىلەرنىڭ: «ئانىسى شەپقەتلىك بولسا بالىسى ناباپ بولۇر» دېگەن سۆزىنىڭ داۋلىسى ئەنە شۇ يەردە.

2. بالىلارغا باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ياردەم بېرىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش لازىم. ئىشنى ئالدى بىلەن مومىسىنىڭ بېلىنى تۇتۇپ قويۇش، بوۋىسىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىش قاتارلىقلاردىن باشلاپ، تۇرمۇشتىكى ھەر بىر پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، بالىلارغا قانداق مەجبۇرىيەتنى ئۆتىشى لازىملىقىنى ۋاقتىدا ئېيتىپ تۇرۇش لازىم. مەسىلەن، دادىسى كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەن بولسا خەت يېزىپ (بىرەر ئېغىز سۆز يازسىمۇ مەيلى) تىنچلىق-ئامانلىق سوراشقا ئىلھاملاندۇرۇش، «8-مارت

ئايال بايرىمى كۈنى ئاتا - ئانا ئەككىلەن ئانىغا سوۋغا تەقدىم قىلىپ، ئانىغا بولغان چوڭقۇر مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش، قولۇم - قوشنىلار بىرەر نەرسە سوراپ كىرگەندە بالىنى سوراپ كىرگەن نەرسىسىنى قىزغىنلىق بىلەن ئېلىپ بېرىشكە بۇيرۇش، تونۇش بالىلاردىن بىرەرسى كېسەل بولۇپ قالغان بولسا، ئاتا ياكى ئانا ھال سوراش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ بالا بىلەن بىرلىكتە يوقلاپ كېلىش لازىم.

3. بالىلارنى ئەدەبىياتنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىدىن پايدىلىنىشقا يېتەكلەش لازىم. تۇرغۇنلىغان بالىلار چۆچەكلىرى، بالىلار ھېكايىلىرى، بالىلار ناخشىلىرى ۋە بالىلار مەسەللىرىدە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن رەزىللىك، ئادىللىق بىلەن مەككارلىق، باتۇرلۇق بىلەن قورقۇنچاقلىق، ئۆزىنى بېغىشلاش بىلەن نەپسانىيەتچىلىككە ئائىت ھەر خىل ئوبرازلار تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنى بالىلارغا بالدۇرراق ئوقۇپ بېرىپ، بالىلارنىڭ بۇ جانلىق كۆرۈنۈشلەرنى بىلىش ۋە ئۇنىڭدىن لەززەتلىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. بالىلار كىچىكىدە ئاڭلىغان بۇنداق نەرسىلەرنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايدۇ. چىنلىق بىلەن ئاق كۆڭۈللۈك ۋە گۈزەللىك ھېسسىياتى ئۇلارنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ يېتىلىپ بارىدۇ.

4. ئائىلە باشلىقلىرى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۈلگە كۆرسىتىشى لازىم. ئاتا - ئانىلارنىڭ باشقىلارغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىش، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش، دۆلەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ مېلىنى يېيىش يامان ئىشلاردىن نەپرەتلىنىشتەك ئېسىل پەزىلىتى، سۆز ھەرىكىتى بالىلارغا ھەر ۋاقىت تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. لاۋشې ئەپەندى ئانىسىنىڭ ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل ۋە قەيسەرلىكىنى ئەسلەپ، بۇلار گۆدەك چېغىمدا ئانام بەرگەن «ھايات سوۋغىسى» دېگەنىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھېسداشلىق ۋە مېھرى - مۇھەببەت بىلەن تولۇپ تاشقان.

ئۇنىڭدىن باشقا بالىلارنى گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەرنى، كىچىك ھايۋانلار ۋە جانلىقلارنى ئاسراشقا، بېقىشقا ئادەتلەندۈرۈش لازىم. يوقىتىشقا تېگىشلىك زىيانداش ھايۋانلار ۋە ھاشاراتلارنى قەتئىي يوقىتىش كېرەككى، بالىلارنىڭ ئۇلارنى قىينىشىغا يول قويماسلىق لازىم.

كېرىم توختى (ت)

(بېشى 18 - بەتتە)

بولغانلىرى 20.8 پىرسەنتىنى، مىجەز - خۇلقى شوخلىرى 40 پىرسەنتىنى، ئەركە ئۆسكەنلىرى 4.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن؛ ئەكسىچە ئاتا - ئانىسى ئىناق ئۆتمەيدىغان، نىكاھتىن ئاجراشقان، دادىسى ياكى ئاپىسى ئالەمدىن ئۆتكەن ئائىلىلەردە ئۆسكەن بالىلارنىڭ «ئۆچتە ياخشى» بولۇش نىسبىتى ئاران 15 پىرسەنتىنى، ئەركە ئۆسۈش نىسبىتى بولسا 17.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

4) ئائىلە باشلىقىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، بالىلارنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي جەھەتلەردىن يېتىلىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىكەن. ئوقۇش يېشىدىكى ئەخلاقىي، ئەقلىي، تىل جەھەتتە ياخشى يېتىلگەن بالىلار ئىچىدە ئاتا - ئانىسىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى بولغانلىرى 80 پىرسەنتىنى، ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغانلىرى 30 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى بولغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە ئاتا - ئانىسىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى بولغانلىرى 64 پىرسەنتىنى، ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغانلىرى 35 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

رىشىت راخمان (ت)

# باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئائىلە ئامىلىنىڭ رولى



تىيەنجىن شەھەرلىك نوپۇس جەمئىيىتى تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئائىلە تەربىيىسى، ئائىلە قۇرۇلمىسى، ئائىلە كەيپىياتى، ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ سىياسىي-ئىدىيە جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى قاتارلىقلارنىڭ باللارنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشىدە ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلارنىڭ مەزكۇر شەھەردىكى ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان 4 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش نەتىجىسى تۆۋەندىكىدەك بولغان.

1) ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ تەلىم-تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىشى باللارنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەن. تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىنغان، ئوقۇش يېشىغا توشمىغان باللارنىڭ 61 پىرسەنتى زېھنى ۋە تىل جەھەتلەردىن ياخشى تەرەققىي قىلغان باللار بولۇپ، بۇ خىلدىكى باللارنىڭ ئاتا-ئانىسى ئائىلە تەربىيىسىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىكەن. ئەخلاقىي-پەزىلىتى ياخشى بولغان 54 پىرسەنت ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا-ئانىسى مەكتەپ تەربىيىسىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلاشقان ئاتا-ئانىلار ئىكەن.

2) ئۈچ ئەۋلادتىن قۇرۇلغان ئائىلە قۇرۇلمىسى باللار تەربىيىسى ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەن. ئائىلە قۇرۇلمىسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا ئۈچ ئەۋلادتىن تەركىب تاپقان ئائىلىلەر باللارنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىدىكى پايدىلىق ئامىل ئىكەن، بۇنداق ئائىلىلەردە چوڭ دادا بىلەن چوڭ ئانا باللارنىڭ ئەڭ ياقتۇرىدىغان مۇئەللىمى بولىدىكەن، شۇنداقلا باللارنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن بىللە باللارنى تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئۈستىگە ئالىدىكەن.

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا تېخى ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن، ئەمما ئەقلىي ۋە تىل تەرەققىياتى ياخشى بولغان 68 پىرسەنت بالا ۋە ئەخلاق-پەزىلىتى ياخشى بولغان 48.3 پىرسەنت ئوقۇغۇچى ئەنە شۇنداق ئۈچ ئەۋلادتىن تەركىب تاپقان ئائىلە قۇرۇلمىسىدا ياشايدىكەن.

3) مۇكەممەل، ئىناق-ئىتتىپاق، قېرىلارنى ھۆرمەتلەپ، باللارنى ئىززەتلەيدىغان ئائىلە مۇھىتى باللارنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىم ئامىلى ئىكەن.

4 مىڭدىن ئارتۇق باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئىناق ۋە بەختلىك ئائىلىلەردىكى باللار ئىچىدە «ئۈچتە ياخشى»

(ئاخىرى 17-بەتتە)

# ئائىلە تەربىيىسىدىكى ئون خىل يېڭى ئۇسۇل

(1) ئۇچۇردىن پايدىلىنىش: بالىلارنى كىنو، تېلېۋىزور، رادىئو، گېزىت-ژۇرناللاردىكى بالىلار تەربىيىسىگە ئائىت ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىپ تەربىيىلەش كېرەك. چۈنكى بۇلار زامانىۋى تەربىيىلەش ۋاسىتىسى بولۇپ، جايىدا ئىشلەتكەندە، بالىلار تەربىيىسىدە يېرىم ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

(2) مەكتەپكە بېرىپ زىيارەت قىلىپ تۇرۇش: ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاتا-ئانىلار داۋاملىق مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلاردىن بالىسىنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇرغاندا، بالىنىڭ ئائىلىدە ئاشكارىلىمىغان كەمچىلىكلىرىنى بىلىۋېلىپ، ئەڭ ياخشى ئائىلىۋى تەربىيە ئۇسۇلى ئارقىلىق بالىنىڭ بۇلارنى تۈزىتىۋېلىشىغا ياردەم بەرگىلى بولىدۇ.

(3) نىشان قوغلىشىش: بالىغا ئۆسۈپ-يېتىلىش باسقۇچىغا ئاساسەن، قوغلىشىدىغان نىشان بەلگىلەپ بېرىش بالىنىڭ ئۆسۈپ-يېتىلىشىدە ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

(4) ئىقتىدار جەھەتتىن تەربىيىلەش: بالىلارنىڭ زېھنى ھەم بەدىنىنىڭ يېتىلىشىگە ئاساسەن پىلانلىق ھالدا ئەمگەك ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇش لازىم.

(5) پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش: ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارنى سۆيۈشى نورمال ئەھۋال. لېكىن بالىلارنىڭ ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرىگە ئىلھام بېرىپ، يېتەرسىز تەرەپلىرىنى قوللىماسلىق لازىم. ئۇلارغا ياخشى بىلەن يامانىنى پەرق ئېتىشنى ئۆگىتىش ھەمدە غۇرۇرلۇق، نومۇسچان قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك.

(6) ئۈلگە ئارقىلىق تەربىيىلەش: بالىلارنى ھەرقايسى ساھەلەردىن يېتىشىپ چىققان قەھرىمانلارنى، مەكتەپتىكى نەمۇنىچىلارنى ئۈلگە قىلىش ئارقىلىق تەربىيىلەشكە ماھىر بولۇش، ئۇلارنى كىچىكىدىنلا غايىلىك قىلىپ يېتىلدۈرۈش كېرەك.

(7) پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش: بالىغا تەربىيىسى بولۇدىغان ھەرقانداق پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق لازىم.

(8) ماسلىشىش: ئائىلىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى بالا تەربىيىلەشتە ئۆزئارا ماسلىشىشى كېرەك. ئەگەر ئائىلە ئەزالىرىنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقمىسا، بالىدىكى يامان ئىللەتلەر تېخىمۇ باش كۆتۈرۈپ قالىدۇ.

(9) ۋاقتىدا تەقدىرلەش: بالىنىڭ نەتىجىسى ھەم ئالغا بېسىشىغا قارىتا ۋاقتىدا تەقدىرلەش، بولۇپمۇ ئارقىدا قالغان بالىلاردا ئالغا ئىلگىرىلەش كۆرۈلگەندە تېخىمۇ ۋاقتىدا تەقدىرلەش ئارقىلىق بالىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

(10) بالىلارنىڭ سوئال سوراش ۋە جاۋاب بېرىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش: بالىلارنى مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ ئۇلاردىن سوئال سوراش، ئۇلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش كېرەك. مانا بۇ بالىلارنىڭ سوئال سوراش-جاۋاب بېرىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدۇر.

تەھرىر بۆلۈمىمىز رەتلىگەن



# نىكاھدىن ئاجراشقاندا پەرزەنتلەرنى ئۇنتۇپ قالماڭ

ئىناق ئائىلە تۇرمۇشى لەززەتلىك بولىدۇ. ئەمما ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن مۇھەببەت جەھەتتىكى ئازارلىق ھەتتا ئاجرىشىپ كېتىش، ئائىلە تۇرمۇشىدىكى بەختسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ماقالىدە ئىككى تەرەپنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشتىكى غەرىزى بىلەن ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاجرىشىش جەريانى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاقىۋەتنىڭ پەرزەنتلىرىگە پسىخولوگىيە ۋە باشقا جەھەتلەردىن كەلتۈرىدىغان تەسىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتىمىز.

گەرچە پەرزەنتلەر، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاجرىشىشىغا بىۋاستە قاتناشمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھەرگىزمۇ بۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتسىز چەتتە قاراپ تۇرغۇچىلار ئەمەس. چۈنكى ئاتا - ئانىلار ئاجراشسا بالىلارنىڭ تىنىچ ۋە خۇشال - خۇرام تۇرمۇشى بۇزۇلىدۇ. بۇ، دەل ئۆسۈپ - يېتىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بالىلارنى تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئائىلە ئىللىقلىقى ھەممىدە زۆرۈر ياردەمدىن ئايرىيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بالىلاردا تەدرىجىي يوسۇندا غەزەپلىنىش، ئازابلىنىشتەك غەلىتە مىجەز شەكىللىنىدۇ.

نىكاھتىن ئاجراشقان ئائىلىلەردىكى بالىلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بەش يىل ئىز قوغلاپ كۆزىتىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا: ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاجرىشىشى تۈپەيلىدىن ئوخشاشمىغان ياشتىكى بالىلاردا پسىخولوگىيىلىك ئۆزگىرىش جەھەتتە ئوخشاشمىغان ئالاھىدىلىكلەر پەيدا بولىدۇ.

ئوقۇش يېشىدىن ئىلگىرىكى بالىلاردا، قورقۇنچاقلىق، تەشۋىشلىنىش ۋە نورمالسىز چېكىنىش ھەممىدە ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەش ئەھۋاللىرى، ئوقۇش يېشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بالىلاردا، دائىم سەۋەبسىز يىغلاش، ئايرىلىپ كەتكەن دادىسى ياكى ئانىسىنى ياد ئېتىش ئەھۋاللىرى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا بولسا، كۆپ ھاللاردا ئاتا ياكى ئانىسىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن بىر تەرەپنى تاللاپ، يەنە بىر تەرەپكە دۈشمەنلىك بىلەن قاراش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. ياش - ئۆسمۈرلەر، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاجرىشىشىغا نىسبەتەن رەت قىلىش ياكى كارى بولماسلىق پوزىتسىيىسىنى قوللىنىدۇ ھەممىدە ئۆزۈمچىلىك ئىدىيىسىدە بولۇپ، مەن بولغانلىقىم ئۈچۈن

ئايالالارغا سېلىشتۇر-
غاندا، ئەرلەر ھېسسىياتقا
باي بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ-
لارنىڭ ھېسسىياتى چوڭ-
قۇر بولىدۇ. ئەمما ئۇلار
ئۆز ھېسسىياتىنى ئاسان
بىلىندۇرمەيدۇ. ھېسسىيات-
قا باي دېگىنىمىز، ئاسا-
سلىقى ئەرلەرنىڭ ھېسس-
ياتقا بولغان ئېھتىياج دا-
ئىرىسىنىڭ كەڭلىكىدە ئى-
پادىلىنىدۇ. مەسىلەن، تو-
لۇپ تاشقان دوستلۇق
ھېسسىياتى، قېرىنداشلىق
ھېسسىياتى، مۇھەببەت،
كەسپكە ئىشتىياق باغلاش
ھېسسىياتى، ۋەتەنپەرۋەر-
لىك ھېسسىياتى قاتارلىقلار.

## ئەرلەرنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلىشى

ھېسسىياتى چوڭقۇر دېگە-
نىمىز، ئاساسلىقى ئېھتىيا-
جى قاندۇرۇلمىغان چاغلار-
دا، ئۇلارنىڭ مەلۇم دەرى-
جىدە ئۆزىنى كونترول
قىلالايدىغانلىقى، ئۆز ھې-
سسىياتىنى قەلبىگە يو-
شۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئال-
دىدا ئاشكارىلىمايدىغانلى-
قىدەك ئەھۋاللاردا ئىپادى-
لىنىدۇ. ئېھتىياجى قاندۇ-
رۇلغان تەقدىردىمۇ ئەرلەر
بەخت ئالدىدا خۇدىنى
يوقىتىپ قويمايدۇ. ئۇلار-
نىڭ ھېسسىياتى مەلۇم تۇ-
راقلىققا ئىگە.

ئەرلەرنىڭ ھېسسىيا-
تىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى
يوشۇرۇن بولۇپ، ئۇلار
خۇشاللىق، غەزەپ - نەپرەت
ۋە قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى
ئاسان بىلىندۇرمەيدۇ. ئۇ-
لارنىڭ بەزى چاغلاردىكى
كۈلكىسى ياخشى كۆرۈشتىن
بولسا، بەزى چاغلاردىكى
كۈلكىسى ئامالسىزلىقتىن
بولىدۇ. بەزى چاغلاردا
ئازابتىن كۈلسە، بەزى
چاغلاردا غەزەپتىن كۈلىدۇ.
ئوخشاش بىر خىل ئىپا-
دىلەش شەكلى بىلەن ئى-

ئاتا - ئانىنىڭ ئاجرىشىشى مۇمكىن ئە-
مەس، دەپ قارايدۇ. ئاتا - ئانىسى ئاج-
راشقاندىن كېيىن، غورۇرى كۈچلۈك يا-
كى غەلىتە مىجەزلىك بالىلار ھېسسىيا-
تىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ
قويۇپ، ئىچ - ئىچىدىن تۈگەپ كېتىدۇ.
ئوغۇل بالىلار تېخىمۇ بۇرۇختۇم بولۇپ،
مەكتەپتە ھەرقانداق شەيئىلەرگە نىس-
بەتەن سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان، رايى
بارمايدىغان، كەيپىياتى تۇراقسىز بولۇپ
قالىدۇ. ھەتتا ئۇلاردا مەكتەپتىن قېچىش،
سىنىپتىن كۆچەلمەسلىك ئەھۋاللىرى
كۆرۈلىدۇ. شۇڭا بالىلار باغچىسى بىلەن
مەكتەپلەردىكى مۇئەللىملەر ۋە دوختۇر-
لار ئاتا - ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەن
بالىلاردا دائىم بىكاردىن - بىكار ماجىرا
تۇغدۇرۇپ ئۇرۇشۇش، ئادەم ئۇرۇش،
ئۇخلىشىدىكى دۈچ كەلگەندە چېكىنىش،
ئۆگىنىشتە قىينىچىلىققا ئۇچرىسا تاشلاپ
قويۇش، بالىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئاق
كۆڭۈللۈك ۋە قىزغىنلىقنى يوقىتىپ قو-
يۇش، ئوڭايلا ئاچچىقلىنىش ھەمدە دا-
ئىم يېشىغا ماس كەلمىگەن باشقىچە قى-
لىقلارنى قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ
پەيدا بولغانلىقىنى سەزگەن ھامان (بۇ،
بۇنداق بالىلارنىڭ خەتەرلىك پىسخولو-
گىيە ھالىتىدە كېتىۋاتقانلىقىنى ئىپا-
دىلەيدۇ) ئۇلارغا تېخىمۇ زور غەمخور-
لۇق قىلىشى، ئۇلارنى دوختۇرخانىغا ئا-
پىرىپ ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرتۈشى ۋە دا-
ۋالىتىشى، غەيرىي تەبىئىي تەرەققىي
قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ دا-
ۋاملىق ساغلام ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە كاپا-
لەتلىك قىلىشى لازىم. بالىلارنىڭ مۇشۇن-
داق ئاقىۋەتكە قالماسلىقى ئۈچۈن، ئاتا -
ئانىلار نىكاھتىن ئاجراشماقچى بولغاندا
پەرزەنتلەرنى ئويلىنىپ قالماسلىقى لازىم.
باقى ھاجى ئوبۇلقاسىم (ت)

پادىلەنگەن ئىچكى ھېسسىيات بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

ئەرلەرنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) ھېسسىياتىنى بىۋاسىتە ئىپادىلەش. بۇ ئەڭ سەممىي، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات بولۇپ، بۇ خىلدىكى ئەرلەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، خۇشاللىقىنى، قايغۇسىنى، غەزەپ-نەپرىتىنى تەبىئىي ئىپادىلەپ، نېمە بولسا شۇنى قىلچە يوشۇرمايدۇ، ياكى پەدەزلىمەيدۇ. بۇ، خۇددى ھاۋا ئوچۇق ياكى تۇتۇق كۈنلەردىكى گۈلدۈرمامىلىق يامغۇردەك بىر خىل تەبىئىي ھېسسىيات.

(2) ھېسسىياتىنى ئىرادىسىنىڭ ئەكسىچە ئىپادىلەش. بۇ خىل ئىپادىلەش شەكلى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ خىلدىكى ئەرلەر غەزىپىنى قاتتىق كۈلكە بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولۇپ كەتكەندە بولسا كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالىدۇ. ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى كەم ئەرلەر جەمئىيەت سورۇنلىرىدا دائىم قۇرۇق گەپ، قۇرۇق نەزەرىيە سېتىپ، مۇنازىرە قىلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆزىنى بىلمەي داۋلىسىزلىق قىلىپ، جېنىنىڭ بېرىچە سۆز يورغىلىتىپ نەيرەڭۋازلىق قىلىدۇ. بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەيدۇ، مۇشۇ خىللارنىڭ ھەممىسىدە ھېسسىيات ئىرادىسىنىڭ ئەكسىچە ئىپادىلىنىدۇ.

(3) ھېسسىياتىنى بۇرىۋېتىش. ئەرلەرنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى بىرقەدەر كۈچلۈك بولىدۇ. ئادەتتە ئۇلاردا پسىخولوگىيىلىك نورمالسىزلىق ياكى ھېسسىياتى قاندۇرۇلماسلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەندە، ئۇلار دائىم ھېسسىياتىنى بۇرىۋېتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆڭلىدىكى نورمالسىزلىقنى يېڭىدۇ. مەسىلەن، مۇھەببەتتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا ئۇلار جېنىنىڭ بېرىچە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ، ياكى پۈتۈن كۆڭۈل ھېسسىياتى بىلەن بىر خىل مەخسۇس خىزمەت ياكى تەتقىقات ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئارقىلىق دىققەت-ئېتىبارىنى بۇراپ، ئۆزىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر ھېسسىياتتىن قۇتۇلىدۇ.

ئابدىكېرىم ئىبرايىم (ت)

## ئەقىل ئۇچقۇنلىرى

△ ئېغىر-بېسىقلىق رەھمانى، ئالدىراڭغۇلۇق شەيتانى.

△ دۇنيا تېرىلغۇ ئېتىزدۇر، ئۇنى تېرىسالىڭ ھايات ئوزۇقى ئالسەن.

△ خاتىرجەملىك — باھاسىز بەخت.

△ ئەخلاق سەھىپىسى ۋاپا بىلەن يېزىلغاندۇر.

△ ئىناقسىز ئائىلە ئىرىكلەر كۆيۈپ ئازابلىنىدىغان دوزاق، ئىناق ئائىلە — يۈرەكنى ياشارتقۇچى شەربەتلىك بۇلاق.

△ شىپالىق دورا ھامان ئاچچىق كېلىدۇ.

△ گۈزەللىك — ئەدەبسىز، قوپال ئادەملەردۇ ئۆزىگە قارىتا ھۆرمەت قوزغىيالمايدۇ.

△ ئىنسان بەدىنى بىلەن ئەمەس، قەلبى بىلەن قەدىرلىك.

△ سەۋر — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاچقۇچى.

△ سوغا-سالامنى كۆپ قىلىدىغانلار سەممىي ئادەملەر ئەمەس.

ئالىمجان ئازات

تەييارلىغان



# ئايالىڭىزنىڭ قەلبىنى چۈشىنەمسىز

چۈشىنىش مۇھەببەتنىڭ ئاساسى. شۇنداقلا نىكاھنى ساقلاپ تۇرۇدىغان مۇھىم ۋاستە. ئادەتتە يېڭىدىن ئۆي - ئوچاقلىق بولغان قىزلارنىڭ ھېسسىياتى ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. مۇبادا ئەر ئايالىنىڭ قەلبىنى چۈشىنەلىسە ئارىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇقلىشىپ ئائىلە تۇرمۇشى بەختلىك بولىدۇ.

يېڭى توي قىلغان قىزلاردا ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك ھېسسىياتلار بولىدۇ.

1. كۆپ ساندىكىلەر ئېرىنىڭ ئۆز دەردىگە دەرمان بولۇشىنى، كۆيۈنۈشىنى، ئاسرىشىنى ۋە ياردەم قىلىشىنى ئەڭ مۇھىمى ئېرىنىڭ بارلىق مۇھەببىتىنى ئۆزىگىلا بېغىشلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا ئەر بولغۇچى ئايالىنىڭ بەزى كۈندەشلىك روھىي ھالىتىنى ئېغىر ئالماسلىقى لازىم. قىسمەن چاغلاردا ئايال بولغۇچى ئېرىنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئەركىلەپ يا ئۇنداق يا مۇنداق گىجىڭلىق قىلىدۇ. مۇشۇنداق چاغلاردا ئەر بولغۇچى ئەڭ ياخشىسى پرىنسىپال چوڭ ئىشلار بولمىسىلا يول قويۇشى، بىلمەس بولۇۋېلىشى، يوقىلاڭ ئىشلارنى دەپ يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە ھېسابلاپ ئولتۇرماسلىقى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا ئايال كېسەل بولۇپ قالغان ياكى ئانا بولغان ۋاقىتتا، ئەر ئازراق ۋاقىتنى قۇربان قىلىپ، ئايالىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشى، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشى لازىم. سىرتقا چىقىپ كەتكەن چاغلاردا ئامال بولسىلا خەت يېزىپ سېغىنغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ تۇرۇشى لازىم.

2. ئايالالار ئېرىنىڭ ئۆزىنى ھۆرمەتلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، مۇبادا توي قىلغاندىن كېيىنلا ئەر بولغۇچى ھەممە ئىش تۈگىدى دەپ قاراپ، ئۆزئارا قىلچىمۇ تەپ تارتمىسا، ئايالىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى قىلماي، يېڭى تەلەپلىرىنى ئورۇنلىمىسا، ئەر ھۆكۈمران دېگەن ئىدىيە بىلەن مۇئامىلە قىلسا ئارىدىكى مۇناسىۋەتكە تەسىر يېتىدۇ.

3. ئايالالار ئېرىنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدۇ. ھازىر كىچىك ئائىلىنىڭ غېمى بىلەنلا بولۇدىغان ئايالالار بارغانسېرى ئازايماقتا. ئايالارنىڭمۇ ئۆزىنىڭ كەسپى بولغاچقا ئائىلە يۈكىنىڭ يېنىكرەك بولۇشىنى، ئەرلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشىغا ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر بولغۇچىلارمۇ ئائىلە يۈكىنى ئايالى بىلەن ئورتاق ئۈستىگە ئېلىشى، كەسپىتە ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، قول تۇتۇشۇپ بىللە ئىلگىرىلىشى كېرەك.

روزى ھېيت (ت)



# ئاڭ سوزۇلگەندە

(ھېكايە)

تۇرسۇن روزى

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى. تۈن كېچە. شۇۋىرغان ئاچ بۆرىدەك ھۇۋۇلىماقتا، چۇشۇۋاتقان قار قويۇقلاپ چۆگىلىمەكتە، يول ئۈستىدە قۇم بارخانلىرىدەك كۆچۈپ چايقالماقتا.

پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈۋالغان ئابلا، يۈز - كۆزىنى چۈمكۈۋەتكەن بىر بالىنى يېتىلەپ، قارغا پېتىپ قېلىۋاتقان پۇتلىرىنى كۈچ بىلەن يۇلۇپ ئېلىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇ بالىنى بىردەم - بىردەم كۆتۈرۈۋالدۇ. مېڭىش ئەپلەشمىگەندىن كېيىن قويۇپ يەنە يېتىلەۋالدۇ. قۇيۇنلاۋاتقان قار ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى بىردەمدىلا كۆمۈۋېتىدۇ. ئابلا ئالدىرىماقتا.

ئۇلار ئادەمسىز كارىدوردا تەمتىرەپ قالدى. ئەتراپقا تەشۋىش بىلەن قارىدى. ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئابلا بالىنىڭ ئۈستىبېشىدىكى قارنى قېقىپ بېشىغا ئورىغان شارپىنى يېشىۋەتتى ۋە ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئۈستىبېشىدىكى قارنى قېقىپ پەلتوسىنى سالدى.

شېرىن ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ ئېلىپ كەلگەن بالا بىر تۇرۇپ يوپيورۇق ئادەمسىز كارىدورنىڭ ئىككى بېشىغا، بىر تۇرۇپ دادىسىنىڭ تەشۋىشلىك، غەمكىن چىرايىغا قارايتتى. بالىنىڭ قارا مونچاقتەك بىر جۈپ كۆزىدىن ئەجەبلىنىش، ھەيران قېلىش ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى.

ئۇزۇنغا سوزۇلغان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، قەيەردىدۇر بىر ئىشىك غاچ قىلىپ ئېچىلدى. بېشىنى سېلىپ ئولتۇرغان ئابلا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. كارىدورنىڭ ئۇ بېشىدا بىر دوختۇر پەيدا بولدى. ئابلا دوختۇرنىڭ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىغا قارىماستىن، ئۇنىڭ ئالدىغا ئالدىراپ ماڭدى.

— دوختۇر، رەيھانىنىڭ ئەھۋالى...

— خەتەرلىك...! — دېدى دوختۇر ھەمدە پەرۋاسىزلارچە ئۆتۈپ كەتتى.

— دوختۇر، — دوختۇرنىڭ ئارقىدىن سوغدىشىپ كېتىۋېتىپ چاقىردى ئابلا. دوختۇر بىر دەقىقە تۇرۇپ قېلىپ ئارقىغا ئۆرۈلدى. ئابلامۇ ئورنىدا تۇرۇپ قالدى.

— ئۆلۈپ قېلىشىدىن بۇنچىلىك قورقىدىغان ئادەم نېمىشقا ئۇردىڭىز!؟ ئادەم دېگەنمۇ سىزدەك تاش يۈرەك بولامدۇ، — دېدى دوختۇر. بۇ سۆزلەردىن چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كەتكەن ئابلا:

— خانىم...، زادى ئۇمىد يوقمۇ؟! — دېدى بەكمۇ پەس ئاۋازدا. دوختۇرنىڭ ئۇغىسى قاينىدى. ئۇ ئاغزىدىكى ماسكىنى ئېلىۋېتىپ، نەپرەتلىك نەزەر بىلەن ئابلاغا قادالدى ۋە، — قاتىللىق ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازانى كۈتۈڭ، — دېدى-دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالدى.

— دوختۇر خانىم، ئۇ ئوغلىنى كۆرۈۋالسا... ئارماندا كەتمىسۇن.

يىراقلاپ كەتكەن دوختۇر ئابلانىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك كېتىپ قالدى.

قار بارغانسېرى دەھشەتلىك يېغىشقا باشلىدى. شۇۋۇرغان تېخىمۇ ئەدەپ، ۋەھىمىلىك گۈركىرەيتتى. بىنانىڭ ئىشىكلىرى توختىماي تاراقشىيتتى. ئابلا بالىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئالقىنىنى كەڭ پېشانىسىگە تىرەپ ئىككى چېكىسىنى سىققىنىچە ئولتۇردى.

بىر پەستىن كېيىن دوختۇر ئايال كارىدوردا يەنە پەيدا بولدى. ئاياغ شەپىسىنى ئاڭلىغان ئابلا ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

— تىلەپ قالاي دوختۇر، ئۇ بالىسىنى كۆرۈۋالسۇن، بۇ دۇنيادىن ئارماندا كېتىپ قالمىسۇن. مەنمۇ داغدا قالماي. ھەسرەتلىرىم يېنىكلەشسۇن، رەھىم قىلىسىڭىز.

دوختۇر بالىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ بېشىنى بۇراپ ئالتە-يەتتە ياشلار چامىسىدىكى بۇ چىرايلىق بالىغا قارىدى. ئۇنىڭ قاش-كۆزلىرى ئاغرىق ئازابىدا تولغىنىپ ياتقان ئايالغا بەكمۇ ئوخشايتتى. دوختۇرنىڭ بىردىنلا ئابلانىڭ تەلىپىنى ئورۇندىغۇسى كېلىپ قالدى، ئەمما ئابلانىڭ تەلمۈرۈپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىگە قارىدى-دە، يەنە نەپرىتى قوزغالدى.

— سىلەردەك ئادەملەرگە رەھىم قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى، — دېدى، ئۇ كېتىۋېتىپ ئاچچىق بىلەن. ئابلا ھودۇققان ھالدا:

— دوختۇر، بۇ مۇنداق ئىش... توختاپ تۇرۇڭ دوختۇر، مەن چۈشەندۈرەي... ھەي نېمىدېگەن ئازاب،... — دەپ سۆزلىگىنىچە قالدى.

ئاپئاق كىرلىك بىلەن قاپلانغان كارىۋاتتا چىرايلىققىنا بىر چوكان جۆيلۈپ ياتاتتى.

— ئوغلۇم نىجات ماڭا يېقىن كەلگىنە... مەن ئاپاڭ... مېنىڭدىن قورقما... قاراڭلار ئۇ قېچىپ كېتىۋاتىدۇ... سۇغا چۈشۈپ كېتىدۇ... ئاھ... بۇ يەر نېمىدېگەن گۈزەل... گۈللەرنى... ئۈزۈپ ئەكەتكىلى بولمايدۇ، — ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا توختاپ، توختاپ داۋاملىق سۆزلەيتتى.

— ئوغلۇم قېنى سەن... بىر كۆرۈۋالاي، مەڭزىڭگە بىرنى سۆيۈپ قوياي... ئابلا! مېنى كەچۈرگىن، ساڭا ۋاپاسىزلىق قىلدىم. مېنىڭدىن رازى بول، خۇش بولۇپ كېتەي، نىجات ئوغلۇمنى بىرلا قېتىم كۆرسەت.

بۇ سۆزلەرنى بىرمۇبىر ئاڭلاپ تۇرغان دوختۇرنىڭ يۈرىكى تىترىدى، ئۇ ئاستا ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

ئابلا ئىشىكتىن چىققان دوختۇرنى كۆرۈپ سەنتۈرۈلۈپ دېگۈدەك ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

ئۆتۈنۈپ قالاي دوختۇر...

— بالىنى ئەكىلىڭ.

— بالا قورقۇش ئىچىدە تەمتىرىۋېتىپ. دوختۇر ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، كىبىنەتىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىردى.

— رەيھان بالىڭىز كەلدى، — دېدى ئۇ بېشىنى ئېگىشتۇرۇپ. رەيھاننىڭ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن بېرى ئېچىلمىغان كۆزلىرى دەرھال ئېچىلدى.

— ئاھ...ئوغلۇم، يۈرىكىمنىڭ پارىسى، — ئۇ ئوغلىنىڭ قولىنى سىلىدى. ئۇنى ئۆزىگە تارتتى. بالا قورقۇپ ئارقىغا داجىۋىدى، دوختۇر ئايال ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېنىك ئىتتىرىپ تۇرۇپ دېدى:

—ئاپىڭىز ئاغرىپ قاپتۇ ئوغلۇم، يېقىنراق بېرىڭ.

— ئاپا دېگىنە بالام، جېنىم قوزام.

— ئاپا، — بالا پەس ئاۋازدا دېدى. رەيھان بالىنى باغرىغا باستى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈلدى.

— ئاپىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىدىم. مېنى كەچۈرگىن جېگىرىم.

رەيھان بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ نىجاتنىڭ پېشانىسىدىن، مەڭزىدىن سۆيدى. ئۇنى باغرىغا تېخىمۇ چىڭ باستى. نىجات تۇساتتىن:

— ئاپا! — دەپ ۋارقىراپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. رەيھان جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىدىكى ياشمۇ توختىدى. ئۇ گويا نىجاتنىڭ يىغىسىدىن شىپالىق تاپقاندەك چەكسىز راھەتلەنگەن تۇسكە كىردى. بىر چاغدا ئۇ خۇددى چوڭ ئادەمگە سۆزلىگەندەك:

— ئوغلۇم، مەن ئەسكى ئاپا، ئاپا دېگەن مېنىڭدەك بولمايدۇ، دېدى ۋە، — سېنى كىم ئەكەلدى، — دەپ سوراپ قالدى. يىغىسىدىن توختاپ ئاپىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرغان نىجات:

— دادام، — دېدى ئالدىراپ. رەيھان كۆزىنى دوختۇر ئايالغا لاپپىدە يۆتكەپ ئۆتۈنۈش نەزەرى بىلەن تىكىلدى.

— كىرسۇنمۇ؟! — دېدى رەيھاننىڭ كۆڭلىدىكىنى پەملىگەن دوختۇر. رەيھان ئەگىمە قاشلىرىنى ئاستا مىدىرلىتىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئابلا! ماڭا نەپرەتلىنىۋاتامسىز؟ — دېدى رەيھان سەممىي تەلەپپۇزدا، كارىۋات يېنىدا ئۆرە تۇرغان ئابلاغا قارىماستىن.

— نېمىشقا ئۇنداق ئويلايسەن رەيھان، — دېدى ئابلا مۇلايىملىق بىلەن.

— مەن كۆڭلۈڭنىڭ كەينىگە كىرىپ ئەقلىمدىن ئازدىم...رەيھاننىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن رەيھان، بىز پەرىشتە ئەمەس ئادەم. ئادەم بەزى چاغلاردا ئۆزىنىڭ نېمە قىلغىنىنى، نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلمەي قالىدۇ.

رەيھان ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئابلاغا بىر پەس تىكىلدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا ئېغىر ھەسرەت، ئاچچىق پۇشايمان، قايتا يېنىۋاتقان مۇھەببەت ئىپادىلىرى ئارىلىشىپ كەتكەندى. رەيھان بىر قولىنى ئابلاغا ئېھتىيات بىلەن سۇندى. ئۇنىڭ قولى ئابلانىڭ ئۇزاتقان قولىغا يېقىنلاشقانسېرى قاتتىق تىترىگىلى تۇردى. ئۇ ئابلانىڭ قولىنى نىجاتنىڭ بېشىغا قويدى. ئاندىن ئۈستىگە ئۆزىنىڭ قولىنى قويۇپ تۇرۇپ دېدى:

— ئابلا، جىگەرىم - باغرىم نىجات، مېنىڭ گۇناھىم ئېغىر، كەچۈرگۈسىز بولسىمۇ، مېنى ئەپۇ قىلىڭلار، گۇناھىمدىن ئۆتۈڭلار، مەن بۇ دۇنيادىن پاكلىنىپ ئۆتەي. كۆڭلۈم يورۇق، لەۋلىرىم كۈلۈپ تۇرۇپ جان ئۈزەي، تىلەپ قالاي، مېنى كەچۈرۈڭلار، ماڭا رازىلىق بېرىڭلار، مېنىڭ قۇلىقىم ئاڭلىسۇن بولامدۇ ئابلا!؟

— رەيھان ئۇنداق گەپلەرنى قىلما، — دېدى كۆز چاناقلىرىدا ياش لىغىلداپ تۇرغان ئابلا يالۋۇرۇش تەلەپپۇزىدا، — نىجاتنى مەڭگۈلۈك تاشلاپ كەتسەڭ قانداق بولىدۇ، ياق، سەن نىجاتنىڭ ئاپىسى، ئۇنى تاشلاپ كەتمەيسەن، سەن ئانىسەن.

رەيھان بۇ سۆزلەرنى كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئاڭلىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرىدە نەچچە قېتىم تەبەسسۇم جىمىرلاپ كەتتى. ئابلا سۆزىدىن توختاپ قالغان بولسىمۇ، رەيھان شۇ تەرىقىدە بىر پەس تىڭشاپ ياتتى. بىر چاغدا كۆزىنى ئېچىپ ئابلاغا قارىدى.

رەيھاننىڭ شۇ تاپتا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكۈسى، باھار شەبنىمىدەك ياشلىرىنى دەريادەك ئاققۇزۇپ تۇرۇپ سەۋەنلىكلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىغۇسى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى، ئىچىگە تولۇپ كەتكەن ھەسرەتلىرىنى تۆكۈۋالغۇسى كەلدى. شۇ چاغدا ئۇ يېنىكلىشىپ قالاتتى. ئىچ - باغرى يورۇپ كېتەتتى.

رەيھاننىڭ لەۋلىرى مىدىرلىدى، ئۇ بىرسىگە سۆزلىگەندەك پەس ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— مەن ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلدىم. ئۇنىڭ ئازاب - خورلۇقلىرىنىڭ سەۋەبچىسىمەن. ئۇ چاغلاردا مەن ئەقلىمنى يوقاتتىم، ئالجىدىم... نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق... نېمىدېگەن يىرگىنچلىك - ھە!؟

— رەيھان ئەمدى ئۇلارنى ئېسىڭدىن چىقىرىۋەت! ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار بىر قېتىملىق چۈش. ئويغىنىپلا كەتسە كىشى ئۇنىڭدىن خالاس بولىدۇ، ئابلا كۆيۈنگەن ھالدا شۇنداق دېدى.

— سىز نېمىدېگەن ياخشى. كۆكسى - قارنىڭىز كەڭ، قەلبىڭىز ئىللىق. رەيھاننىڭ چىرايلىق دۈگلەك كۆزلىرىدىن يوغان - يوغان ياش تامچىلىرى لۆمۈلدەپ چىقىپ، چېكە چاچلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى، — ئاھ... خۇدا مەن نېمىشقا ياشايمەن، ئەمدى ماڭا ئۆلۈم ياخشى، ئۆلۈپلا كېتەي... ئاھ... مەن نېمە ئىشلارنى قىلىپ قويدۇم... ئىسىت، نېمىنى يوقىتىپ، نېمىگە ئىگە بولدۇم. بەختىمدىن ئايرىلدىم، ئازاب - ئوقۇبەت، خورلۇققا ئىگە بولدۇم. تىلەپ تاپتىم، — ئۇ لەۋلىرى ئېچىلغان ھالدا جىم بولدى. ئۇنىڭ كۆزى يۇمۇلدى. چىرايى چەكسىز راھەتلەنگەندەك تۈسكە كىردى. قوللىرى بوشاشتى. چۆچۈپ كەتكەن ئابلا ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە:

— رەيھان، مۇھەببەت... ھەقىقىي مۇھەببەت ئۇلۇغ، ئۇ قۇياشقا ئوخشايدۇ. ھەممە يەرگە ئۆزىنىڭ سېخى نۇرىنى سېپىدۇ. ھەممە جانلىقلارغا ئوخشاش ھارارەت بېرىدۇ. بىز ھەقىقىي سۆيگۈ دەۋتى بىلەن بەختلىك ئائىلە قۇرغان، بىزنىڭ ئائىلىمىز قۇياشلىق جاھانغا ئوخشايدۇ، ساڭا ھەرقاچان ھارارەت بېرىدۇ. ھاياتتىن ئۈمىدىڭنى ئۈزمە، ماڭا سەن كېرەك، نىجاتقا تېخىمۇ كېرەكسەن. رەيھان غەيرەتلىك بول، ئۈمىدۋار بولغىن، — دېدى.

خانا ئىچى بىر پەس جىمجىتلىققا چۆكتى. كۆزىنى يۇمۇپ ياتقان رەيھاننىڭ چىرايى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ قاشلىرى قىيىلدى، لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. ئۇ شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك قىياپەتتە ياتاتتى.

بىردەمدىن كېيىن ئۇ بىرسى چاقىرغاندەك ئەندىكىپ كۆزىنى ئاچتى ۋە كىرپىكلىرى نەملەشكەن ئابلاغا ئاياللىق نەزەرى بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ قولىنى ئاستا تارتىپ مەڭزىگە ياقتى. ئۇنىڭ يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزى، يەنە بىر جۈپ كۆزنىڭ قارىچۇقىغا قادالدى.

— ھەقىقىي بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئەجەل چاڭگىلىدا تۇرغان مۇشۇ مىنۇتلاردا بىلدۇۋاتىمەن. ئادەمگە لازىمى چىن سۆيگۈ ئىكەن. ئايال كىشىگە نىسبەتەن ئۆز ئېرىنىڭ مۇھەببىتىدىن ئارتۇق بەخت بولمايدىكەن. پۇل - دۇنيا، ئاتاق - ئابروي... — رەيھانىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى لەۋلىرىدە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قوللىرى بوشىشىپ، كۆزلىرى ئىختىيارسىز يۇمۇلدى. ئۇ قاتتىق ئاغرىق ئازابىنى تارتىۋاتقاندەك تولغاندى. دوختۇرلار جىددىيلىشىپ قالدى. ئۇلار ئابلانى چىقىپ كېتىشكە، قايتىشقا دەۋەت قىلىدى. لېكىن ئابلا قايتمىدى. ئۇ كارىدورغا چىقىپ پەلتوسى بىلەن نىجاتنى چۈمكەپ قويدى. ئۆزى بولسا ئوغلىنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى.

ۋاقىت ئۆتمەكتە. ئابلانىڭ ئالدىدىن تۇرۇپ - تۇرۇپ سېستىرالار ئالدىراپ ئۆتىدۇ، بۇنداق چاغدا ئابلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارغا تەشۋىشلىك سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلىدۇ. لېكىن سېستىرالار ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك پەرۋاسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئابلامۇ چىش يېرىپ گەپ سوراشقا پېتىنالمايدۇ.

قار توختىدى. شۇۋرغان پەسەيدى. كارىدور ئىچى جىمجىت. پەقەت نىجاتنىڭ يېنىك پۇشۇلدىغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. نىجات بەزىدە ئاغزىنى شىرىن تامشىپ قوياتتى.

ئابلاغا ۋاقىت ئاجايىپ ئاستا ئۆتىۋاتقاندەك بىلىندى. رەيھانىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ قالغان دوختۇرلار چىقمىغانسېرى ئۇنىڭ ئەندىشىسى كۈچىيىۋاتاتتى. ئابلا تۇرۇپلا ئويغا كەتتى. ئايالىغا ئالتۇن ئۈزۈك، ھالقا، بويۇنغا ئاسىدىغان مەرۋايىت ئېلىپ بېرەلمىگەنلىكىگە كۆڭلى يېرىم بولدى. باشقىلارغا ئوخشاش يېڭى مودىدىكى كىيىملەرنى ئېلىپ كىيىشى ئۈچۈن پۇل بېرەلمىگەنلىكىگە ھەسرەتلەندى. رەيھانىنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ياسانغۇسى، كىيىنگۈسى، ئاشۇ كىيىملەر بىلەن ئۆزىگە گۈزەللىك قوشۇپ، روھلىنىپ يۈرگۈسى كېلىدۇ. بۇ ئايال كىشىگە مەنسۇپ خاسلىق. ئابلا بۇلارنى بىلەتتى، لېكىن ئۇنىڭ قولى قىسقا كېلىپ قالدى. شۇڭا رەيھان بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى بىر باي سودىگەرنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قالدى. رەيھانىنىڭ مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىدا ئەلۋەتتە ئۇنىڭمۇ جاۋابكارلىقى بار. ئابلا ئۆزىدە تۇغۇلغان بۇ ھېسسىياتتىن ئاھ ئۇردى. ئۇ ئەسلىدە ئۆزىنىڭ ساپ، سەممىي مۇھەببىتىنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، رەيھانىنىڭ ھەممە تەلەپ، تەلپۈنۈشلىرىنى قاندۇرىدۇ دەپ كۆڭلى توق، روھى ئۈستۈن يۈرگەنىدى. لېكىن رەيھان بۇنى چۈشەنمىدى، شۇ سەۋەبتىن بىر مەزگىل كۆز ئالدىنى تۇمان قاپلىدى. خورلاندى، ئازابلاندى. ئۇ ھېلىقى ئەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا ھارغۇچە چەيلىنىپ - دۇمبالىنىپ ئۆلەر ھالغا كەلگەن مۇشۇ پەيتتىلا ئۆزىگە كېرەكلىك ھەممىدىن ئەلا نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدى. مەن ئۇنى سەممىي مۇھەببىتىم ئۈچۈن، ئوغلۇم نىجات ئۈچۈن كەچۈرۈشۈم كېرەك... ئابلا خىيال بىلەن سىردىشىپ قانچىلىك ۋاقىتنىڭ

(ئاخىرى 46 - بەتتە)

# بىزنىڭ ياشلىق باھارىمىز ئەھمىيەتلىك

(ئەدەبىي ئاخبارات)

تېلېۋىزىيە داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ زىممىسىدە خىزمەت، ئۆگىنىش، ئائىلە ئىشلىرىدىن ئىبارەت ئېغىر يۈك بولۇپلا قالماي، يەنە ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن كەلگەن بېسىممۇ بار. شۇڭا مەن ئۇلار توغرىسىدا ئاز-تولا بىر نەرسە يېزىشنى خېلى بۇرۇنلا ئويلاپ كەلگەنىدىم.

## غايىسى بىر ئاشىق-مەشۇقلار

ئەتراپنى ئاستا-ئاستا قاراڭغۇلۇق قاپلىدى، چىراغلارمۇ يورۇدى. مەن بىر بىنانىڭ ئالدىدا بۈگۈنكى زىيارىتىمنىڭ خوجايىنى تەنجۈننى كۈتۈپ تۇراتتىم.

ئەنە تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى تەنجۈن كەلدى. ئىككى قېتىملىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا پەقەت بىرنەچچە نومۇر پەرق تۈپەيلىدىن تاللىنىشتىن چۈشۈپ قالغان بۇ ياش قىز دوستى بىلەن بىللە تېلېۋىزىيە داشۆسىدە ئۈچ يىل ئوقۇپ ھازىر ئوقۇش پۈتتۈردى. مەن ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا ئۆزۈم قىزىقىدىغان مەسىلىلەرنى ئۇدۇللا سورىدىم.

تەنجۈن ناھايىتى سۆزمەنىدى. ئۇ پەخىرلەنگەن ھالدا ماڭا قىز دوستى بىلەن بىر ئورۇندا مۇلازىمەت خىزمىتى ئىشلەيدىغانلىقى، تېلېۋىزىيە داشۆسىگە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە دەرس تەييارلاپ بىللە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەنلىكى ھەم بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغانلىقى، قىز دوستىغا ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دەرس ۋاقتى بىلەن خىزمەت ۋاقتىنىڭ كۆپىنچە توقۇنۇشۇپ قالىدىغانلىقى، بۇنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇ دەرس ئاڭلاشقا كۆپ ھاللاردا قىز دوستىنى ئەۋەتىدىغانلىقى، ئۆزى بولسا تېگىشلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بېلىگە پەشتاما باغلاپ قىز دوستىنىڭ ئورنىدا ئىشلەيدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئېيتىپ بەردى. «بەزى خېرىدارلار مېنىڭ ئايال كۈتكۈچىلەرنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، يوشۇرۇنچە كۈلۈشتى. لېكىن قانداق قىلاي، كىم بىزنى مۇھەببەت باغلىسۇن دەپتۇ؟» تەنجۈن شۇنداق دەپ كۈلۈۋەتتى. مەنمۇ كۈلۈپ كەتتىم.

— بىراق، بىزدە تاپشۇرۇقنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش، خاتىرىنى ئەستايىدىل ياخشى يېزىشتا بەسلىشىدىغان، كىمكى ياخشى ئىشلىمىسە جەرىمانە قويۇدىغان بىر بەلگىلىمە بار، — دېدى ئۇ كۈلكىسىگە ئۇلاپلا.

— قانداق جەرىمانە ئۇ؟ — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ.

— قارشى تەرەپنىڭ ئورنىدا ۋەكالىتەن ئىشلەش! — دېدى ئۇ ئۇڭايسىزلانغان ھالدا.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا سىز ياخشى ئىشلىمەپسىز-دە...— دېدىم مەن قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— راستىنى ئېيتسام بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بىز ئاشىق-مەشۇقلاردەك ئايدىڭ كېچىلەردە پىچىرلىشىپ يۈرمىدۇق، دەل-دەرەخلەرنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرغان كوچىلاردا سەيلە قىلمىدۇق، — دېدى تەنجۈن.

— ئۇنداقتا، — دېدىم مەن سەل قانائەت قىلمىغان ھالدا ئۇنىڭ كېيىنى بولۇپ، — خىزمەت، ئۆگىنىش، ئوقۇش جەريانىدا ماسلىشالماي قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمىدىمۇ؟

— ھە-ياق. — ئۇ ھاڭ-تاڭ بولغان ھالدا ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھەر ئىككىمىزنىڭ ئائىلە شارائىتى ناچار بولغاچقا، ئۆگىنىشنى قىش-ياز باغچىدا ئېلىپ باردۇق. بەزىدە بىرەر مەسىلە ئۈستىدە تالىشىپ قالساق، بىر-بىرىمىزگە يول قويماي، يامانلاپ ئۆزىمىز بىلگەن تەرەپكە ماڭاتتۇق، بۇنى كۆرگەنلەر «ھە بۇلار بىر-بىرىنى تاشلاپ مېڭىشقانلاركەن» دەپمۇ قېلىشاتتى. نىكاھ مەسىلىسىدىمۇ بىزدە بىرنەچچە قېتىم زىددىيەت كۆرۈلدى. چۈنكى، بىزنىڭ يېشىمىز خېلى چوڭىيىپ قالغاچقا، نىكاھ ئىشىمىزنى بالدۇرراق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئۇنىڭغا بىرقانچە قېتىم ئېيتسام ئۇ ماقۇل بولمىدى. بىز مۇشۇ ئىش توغرىلىقمۇ تالىشىپ قالدۇق. ئەتە ئىمتىھان ئالىدۇ دېگەن كۈنى مەن ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭدىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالدىم.

— ئۇنىڭدىن كەلگەن خەتنى؟ — مەن ھەيران قالدىم، — سىلەر بىر يەردە ئىشلەپ، كۈندە دېگۈدەك يۈز كۆرۈشۈپ تۇرۇدىغان تۇرساڭلار؟

— ھەي، شۇ قېتىمقى تالاش-تارتىشتىن كېيىن، ئۇ ماڭا گەپ قىلمايدىغان بولىۋالغانىدى، — دېدى تەنجۈن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — شۇڭا خەتنى ئالدىراپ ئېچىپ قارىسام، مېڭەمنى ئاچىدىغان خەت ئىكەن. ئۇ خەتتە مۇنداق دەپتۇ: «بىز ھازىر تېلېۋىزىيە داشۆسىدە ئوقۇشتىن ئىبارەت بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، تىرىشىپ ئوقۇپ، بۇ ئارقىلىق قولدىن كەتكەن ياشلىق باھارىمىزنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك... ئاخىرىدا ئۇ مۇنداق دەپتۇ: «شاۋجۈن، سەن ئويلىنىپ باق، تۇرمۇش دېگەن كىمگە ئاچچىق، تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمە؟ ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى يالغۇزلا مۇھەببەت بولماستىن، بەلكى ئىنتىلىش، كۈرەش قىلىشتۇر... سېنىڭچە، توغرىمۇ؟ ئەگەر سەن مېنىڭ بۇ قارىشىمغا قوشۇلىدىغان بولساڭ، ئەتە ئىمتىھان مەيدانىغا مەن ئېلىپ بەرگەن قىزىل گالستۇكنى تاقاپ كەلگىن، چۈنكى، بۇ گالستۇك ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىمىزنىڭ سىمۋولى، مۇھەببىتىمىزنىڭ سىمۋولى ...».

— ئەتىسى تاقىدىڭىزمۇ؟ — سورىدىم مەن ئالدىراپ.

— تاقىدىم، — دېدى تەنجۈن ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تاشقان ھالدا، — ئەتىسى ئىمتىھان مەيدانىغا مەن ئۇ ئېلىپ بەرگەن قىزىل گالستۇكنى راۋۇرۇس تاقاپ باردىم. ئۇنىڭ دېگىنى ئەلھەق توغرا ئىكەن.

مەن تەنجۈننىڭ سۆزىنى شۇ يەرگىچە ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ تېلېۋىزىيە داشۆدىن ئىبارەت بۇ ئۈمىد بىلەن تولغان تۇپراقتا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن «قوش ئاۋازلىق ناخشا ئۆگىنىۋاتقان»لار تەنجۈن بىلەن تەنجۈننىڭ سۆيـ

گۈزەللا ئەمەس! توغرا، بۇ ئالتۇن تۇپراق-
قا ئۇلار مۇھەببەت ۋە ئۈمىد ئۇرۇقىنى
چاچماقتا. ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ غايىسى
ۋە كېلەچىكى بار.

## تۇرمۇش ماڭا كۈلۈپ باقسۇن

لى مېيىنىڭ ساۋاقدىشى ماڭا لى
مېيىنىڭ ھەرقانداق پۇرسەتنى قولدىن
بەرمەي، تىرىشىپ ئوقۇيدىغانلىقى، كوچىغا
چىقىسىمۇ، ئۆچىرەتتە تۇرسىمۇ، بالا باق-
سىمۇ، كىتابنى قولدىن چۈشۈرمەيدىغانلى-
قىنى ئېيتىپ بەردى. ھازىر ئۇنىڭ قولىدا
ئىنگلىز تىلى، بوغالتىرلىق، جۇڭگو ئەدە-
بىياتىدىن ئىبارەت ئۈچ پەندىن ئالغان
دىپلوم بار.

لى مېيىنىڭ ئوبرازى قانداق ئوبرازدۇ؟

مەن لى مېيىنىڭ ئۆيىگە كەلسەم،
ئۇ زاۋۇتقا بىر ماتېرىيالنى تەرجىمە
قىلىپ بېرىش ئۈچۈن «ئىنگلىز تىلىنىڭ
سۆزلۈكلەر قامۇسى»نى كۆرۈۋاتقانىكەن.
ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— مەندە سۆزلەپ بەرگۈدەك بىر
نەرسە يوق. راستىنى ئېيتسام تېلېۋىزىيە
داشۆسىدە ئۈچ يىل ئوقۇش جەريانىدا
بەك چارچاپ ھالىمدىن كېتىپتىمەن. ئۇھ
دەپ تازا بىر ئارام ئېلىۋالغۇم بار. كىشى-
لىك ھاياتنىڭ يولى بەك ئۇزۇن ئىكەن،
بەك ئۇزۇن... لېكىن مەن بۇنىڭ بىرىنچى
قەدىمىنى بېسىپ بولدۇم. بۇنىڭ ئۈچۈن
مەن ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن!

«ئۇ»نىڭ كىملىكىنى ئېيتمىسىمۇ بى-
لىمەن. بىراق، لى مېيى نېمە ئۈچۈن
ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولىدۇ؟ مانا بۇنىسى
ماڭا نامەلۇم. شۇنىڭ بىلەن لى مېيىمۇ
تولىمۇ ھاياجانلانغان ھالدا «ئۇ» توغرى-
سىدىكى ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى.

بىر قېتىم ئىمتىھان ئالىدىغان چاغدا

ھاۋا بەكمۇ سوۋۇپ كەتتى. مېنىڭ بويۇم-
دا بار ئىدى. ئۇ مېنى بىر ئاز ئىسسىقلىق
يېسۇن دەپ تاڭ سەھەردە بازاردىن بىر
قاچا قوي گۆشى شورپىسى ئەكىلىپ بەر-
مەكچى بولدى. لېكىن ئىشىكتىن چىقىپلا مۇز-
غا تېيىلىپ يىقىلدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇقماپ-
تىمەن، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قارىسام
قوللىرى ئىششىپ كېتىپتۇ.

مەن يەڭگەندىن كېيىن، ئۇ تېخى-
مۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ ئوقۇتقۇ-
چى ئىدى. مەكتەپتىن قايتىپ كەلسە،
ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى
قويۇپ تۇرۇپ، ئۆينىڭ ياغ - تۇز، ئوتۇن-
كۆمۈرنىڭ غېمىنى قىلاتتى. تاماق ئېتەت-
تى، بالىنىڭ سۇيدۇك لاتىلىرى ۋە كىيىم-
كېچەكلىرىنى يۇيۇپ بالا باقاتتى.

كەچ كىرىپ بالا تاتلىق ئۇخلىغاندىن
كېيىن، ئۇ ئاندىن قولىدىكى ھەممە ئىش-
نى قويۇپ، بېلىدىكى پەشتامالنى يېشىۋې-
تىپ، مېنىڭ دەرسلىك كىتابىمنى قولىغا
ئالاتتى - دە، قېشىمدا ئولتۇرۇپ سەۋرد-
چانلىق بىلەن ئوقۇپ بېرەتتى. ئوقۇپ
بولغاندىن كېيىن، مۇھىم نۇقتىلارنى سۆز-
لەپ بېرەتتى. بۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنى
گويا مەكتەپتە دەرس ئاڭلاۋاتقاندەك
ھېس قىلاتتىم. مېنىڭ ھەر كېچىلىك
ۋاقتىم ئەنە شۇنداق مەنىلىك ئۆتەتتى،
ھەر كېچىدە ئەنە شۇ تەرىقىدە شېرىن
ئۇيقۇغا كېتەتتىم.

تۈن تەڭ بولغاندا ئويغىنىپ ئۇنىڭ
ئاجىز چىراغ يورۇقىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ
تاپشۇرۇقلىرىنى ئەستايىدىل تۈزىتىپ ئول-
تۇرغانلىقىنى كۆرەتتىم. مەن ئۇنىڭغا يو-
شۇرۇن يىغلىماقتىن باشقا ھېچنېمە قىلىپ
بېرەلمەيتتىم، ھەتتا ئۇنى تۇساپمۇ قويال-
مايتتىم. چۈنكى، ئەتىسى 50 تىن ئار-
تۇق بالا ئۇنىڭ قولىدا ئوقۇيدۇ - دە.

ناھايىتى ئۇزۇن بىلىنگەن 40 كۈنلۈك دەم ئېلىشىمۇ ئاخىرى توشتى. بۇ كۈنى دەل ئىمتىھان ئالىدىغان كۈنگە توغرا كېلىپ قالغانىدى. بۇ 40 كۈندە ئۇ ماڭا كىتابنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى تەكرار-تەكرار ئوقۇپ بەرگەندىن باشقا، ئۆزۈم كىتاب كۆرمىگەنلىكىم ۋە خەت يازمىغانلىقىم ئۈچۈن، دەككە-دۈككە ئىچىدە قالدىم. ماڭىدىغان ۋاقتىمدا ئۇ قىزىمىزنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە مەسىلىنى يەنە تەكرار شەرھلەپ ئۆتتى ھەم سۈت پاراشوكى بىلەن بىر ئىستاكان سۈت تەييارلاپ بەردى.

مەكتەپكە كېتىۋېتىپ كۈچلۈك ئاپتاپ نۇرىنىڭ كۆزۈمنى چېقىشىدىن بېشىم قېيىپ، يول بويىدىكى بىر دەرەخكە يۆلىنىپ قالدىم. سەل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە ھالسىز پۇتلىرىمنى سۆرەپ ماڭدىم.

ساۋاقداشلىرىم مېنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا قاراشتى ۋە گۇررىدە قېشىمغا كېلىپ ئارىغا ئېلىشتى.

قوڭغۇراق چېلىندى، ئىمتىھان قەغەزلىرىنى كۆرۈپ يۈرىكىم سېلىپ كەتتى. كۆزلىرىم تورلىشىپ ۋە قاراڭغۇلىشىپ ھېچنېمىنى كۆرەلمەي قالدىم، بىردەم جىم-جىت ئولتۇردۇم. ئىمتىھانغا نازارەتچىلىك قىلىۋاتقان مۇئەللىم بىر ئىستاكان قايناق سۇ ئەكىلىپ بەردى ھەمدە ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى؛ ساۋاقداشلىرىممۇ ماڭا كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا ئىلھام بەخش كۆزلىرى بىلەن قاراشتى. ۋاقىت مىنۇت-سېرى ئۆتمەكتە. ئىمتىھان قەغەزلىرى بىر-بىرلەپ ئۆرۈلمەكتە. ئەڭ ئاخىرقى بىر سوئالغا كەلگەندە چىدىيالماي قالدىم. ئۇستىبېشىم چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى، ئەمدى قانداق قىلارەن دېگەنلەرنى ئويلاپ ئىشىكتىن چىقاي دەپ تۇراتتىم، ئۇ بالىنى كۆتۈرۈپ، بىر كۆڭلەكنى تۇتقان ھالدا ئىشىك يېنىدا تۇرۇپتۇ. قەلبىمدە مىننەتدارلىق تۇيغۇسى ئۇرغۇدى، كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولدى...

بىر قېتىم ۋە يەنە بىر قېتىم...

شۇنداق قىلىپ تېلېۋىزىيە داشۆدىكى ئوقۇشۇم ئاياغلاشتى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومىنى قولۇمغا ئېلىۋاتقان چېغىمدا كۆزۈم تورلىشىپ كەتتى. چۈنكى، بۇ ئىككىمىزنىڭ قان-تەرى بەدىلىگە كەلگەن بولۇپ، ماڭا گويا دىپلومنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئىسمىمۇ يېزىپ قويۇلغاندەك تۇيۇلدى...

لى مېيىنىڭ ئېرى ھەققىدىكى ھېكايىسى كىشىنى بەكمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەرنىڭ كەينىدە ھامان بىر ئايال بار دېگەن گەپ بار، شۇنداق ئىكەن، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئايالنىڭ كەينىدىمۇ چوقۇم بىر ئەر بولىدىكەن. بۇ يالغۇز مۇھەببەتنىڭلا كۈچى بولماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، لى مېيىنىڭ ئېرىنىڭ بىر داشۆ ئوقۇغۇچىسىنىڭ يېتىلىپ چىقىشىنىڭ جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىدىندۇر.

لى مېيى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ روھى چۈشكۈنلىشىپ يۈرگەندە، ئېرى ئۇنىڭغا: «سىز نېمىشقا ھەمىشە تۇرمۇش ماڭا كۈلۈپلا تۇرسۇن دەيسىز؟» دەپ تەسەللىي بەرگەندى. لېكىن، تۇرمۇش نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا كۈلمىسۇن؟

ئېخ ھايات، سەنمۇ ئۇلارغا ئۆز تەبەسسۇمىڭنى كۆرسەتكىن!

ئەيسا ئىسمايىل (ت)



# مېھرىبان

(ھېكايە)

سەئىد ئەخمەت

(سوۋېت ئىتتىپاقى)

پويىز تاشكەنتكە يېقىنلاشقانسېرى قۇندۇزخاننىڭ يۈرىكى قاتتىقراق ئۇرۇشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئاۋۋال شۇ ئىستانسىدا ئۇنىڭغا ئاقيول تىلەپ قالغان ئانا ئەمدى يوق ئىدى. ئۇ ئۆتكەن يىل باھاردا تۇغۇتخانىدا ئۆلگەن. قىزنىڭ كۆز ئالدىدا، ئانا ۋوگزالدا ھامان ياغلىقىنى سىلكىپ تۇرغاندەك ئىدى.

پويىز ئىستانسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئارىسىدا پەقەت ئانا، قۇندۇزخاننىڭ ئانىسى يوق، خالاس.

قىز چامادانىنى كۆتۈرۈپ ۋاگوندىن چۈشتى. ئادەملەرگە ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ چەتكە چىقىپ دادىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى. «تېلېگرامما تەگمىگەنمىكىن» دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى قۇندۇزخان. ياق، دادىسى ئادەملەر ئارىسىدا كۆرۈنمىدى. ئانىسى بولسا، ئەلۋەتتە چىقاتتى. گۈل تۇتۇپ كۈتۈۋالاتتى. قىزنىڭ ئەتراپقا تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرى خاموش ھالدا يەرگە باقتى. قىزنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى.

نى ـ نى ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر بىلەن ئۆستۈرگەن پەرزەنتىنىڭ بالاغەت يېشىنى كۆرەلمىگەن ئانىلار، پەرزەنتلىك قەرزىنى ئۆتىيەلمەي ئارماندا قالغانلار قەلبىنى تاتىلاپ كەلگەن دەرد ـ ئەلەمنى ئىپادە قىلغىلى بولارمىكىن.

ئەتراپنى قايناق كۈلكە تولدۇرغان مانا شۇ دەقىقىلەر ئارىسىدىن قۇندۇزخان بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئاۋۋال يوقاتقان ئانىسىنىڭ مېھرىبان ـ يېقىملىق سىماسىنى ئىزدەيتتى. قېنى ئۇ، بىر پارچە ئەتتىن ئۆز ئىستىقبالىنى كۆرەلگەن ۋە ئۇنىڭغا بەخت تىلىگەن ئانا!

ياشلىق يىللىرى ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئۇششاق قىلىپ ئۆرۈپ قويۇدىغان مېھرىبان قوللار قېنى؟ ئۇ ئەبەدكە يوقاپ كەتكەن.

قۇندۇزخان بوشىشىپ چامادان تۆپىسىگە ئولتۇردى. ئېڭىكىنى ئالقىنىغا تىرەپ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە خىيالغا پاتتى.

ئانا ئۆلدى. تۇغۇتخانا ھەمشىرىسىنىڭ قولىدا يىغلاپ ياتقان بوۋاق تېخى كۆز ئاچماي ئانا سۈتىدىن، ۋىسالىدىن ئايرىلدى. ئۇ كۈنلەردە قۇندۇزخان موسكۋادا ئوقۇۋشتا ئىدى. بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى قىزىغا قانداق ئۇقتۇرۇشنى بىلمىگەن ئاتا ئۇزۇن ۋاقىت سۈكۈت ساقلىدى. ئاخىر يېزىشقا مەجبۇر بولدى.

قۇندۇزخان ئۆزىنى ھەرقانچە تۇتۇشقا تىرىشمىسۇن ئېغىر يوقىتىشنىڭ ئازابى ئۇنى قىينايتتى، ئېزەتتى. يازلىق ئىمتىھانلار باشلاندى. بىر پەندىن ئۆتەلمىدى. قايتا ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن پۈتۈن ياز تەييارلىق قىلدى. يەنە ئوقۇش باشلىنىپ تاشكەنتكە كېلەلمىدى. ئۇنى پەقەت سىڭلىسى، تېخى نە ئانىسىنى ۋە نە ھەدىسىنى كۆرمىگەن بوۋاقنىڭ ئەھۋالى قىينايتتى. «ئانىسىز ئەھۋالى نېمە بولۇۋاتىدىكىن؟» قۇندۇزخان پەقەت شۇ ھەقتە ئويلايتتى.

قۇندۇزخان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى، ئادەملەر ئاللىقاچان تارقىشىپ كەتكەن، ئۇنى تۆت سوتكا يىراق يولدىن ئېلىپ كەلگەن پويىز بىردەمدە بوشاپ قالدى. گېزىت چاپلاش تاختىسى ئالدىدا چېچىغا ئاق كىرگەن، ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر خوتۇن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

— سىز، قۇندۇزخان ئەمەسمۇ؟ دەرھال تونۇدۇم، سۆرىتىڭىزگە ئوخشايدىكەنسىز، — خوتۇن ئىتتىك مېڭىپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. تېخى ئۆزىگە كەلمىگەن قۇندۇزخان بۇ خوتۇننىڭ باغرىدا كۆپتىن بېرى كۈتكەن ئۆز ئانىسىنىڭ ھىدىنى سەزدى.

بىر ئەسلەپ بېقىڭ! ئانىلاردا قانداقتۇر بىر ھىد بولىدۇ. بالىلىق چاغلىرىمىز ئانا باغرىدا ئەركىلەپ ياتىدىكەنمىز، دىمىقىمىزغا ئورنىشىپ قالغان ئاشۇ ئانا ھىدىنى چوڭ بولغىنىمىزدىمۇ ئۇنتۇلمايمىز.

— دادىڭىز زۆرۈر بىر ئىش بىلەن ئىدارىدا بەند بولۇپ قالدى. ئۆزۈم چىقتىم.

قۇندۇزخان لام-جىم دېمىدى. بۇ خوتۇن كىم؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ قۇندۇزخانىنى كۈتۈۋالغىلى چىقتى؟ بۇ توغرىدا ئويلاپمۇ كۆرمىدى. ئانا ھىدىدىن مەس بولغان قىز ئىتائەت بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن شەھەر مەيدانىغا چىقتى.

ھاۋا ئوچۇق، كۆز ئاپتىپى تىللا رەڭ ياپراقلار ئۈستىدە چاقنايتتى، سۈزۈك ئاسماندا كۆمۈشتەك پارقىراپ كەپتەرلەر ئۇچاتتى. ماشىنا ئاسفالت يولدا تېز مېڭىپ كۆز شامىلى چۈشۈرگەن يوپۇرماقلارنى ئىككى تەرەپكە ئۇچۇرۇپ باراتتى. ماشىنا ئەينىكىدىن ئېگىز ھەشەمەتلىك ئىمارەتلەر لىپ-لىپ قىلىپ ئۆتۈپ تۇراتتى. كوچىلار ئاۋات، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، بالىلىق يىللىرىنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك يىللىرى ئۆتكەن باغچا، كىنو ھەم تىياتىرخانا ئالدىدىن ئۆتكەندە قۇندۇزخانىنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە ئاشۇ يېقىملىق-مېھرىبان ئانىنىڭ سىماسى گەۋدىلەندى.

ماشىنا مۇنارە ئۇدۇلىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك بىنا ئالدىدا توختىدى. خوتۇن چامادانىنى

قولىغا ئېلىپ يەرگە چۈشتى - دە، قۇندۇزغا يول بەردى. چوڭ دەرۋازا ئالدىدىكى مەيداندا دوستلىرى بىلەن ئويناپ يۈرگەن ئىككى ياشلاردىكى قىزچاق يۈگۈرۈپ كېلىپ خوتۇنغا تاشلاندى.

— تونۇۋاتامسىز؟ — خوتۇن قۇندۇزغا قارىدى، — سىڭلىڭىز لالەخان.

قۇندۇزخان قىزنىڭ كۆزىگە قارىدى-يۇ، ئۇنىڭدا ئۆز ئانىسىنىڭ كۆزىنى كۆردى. يۈرىكى سىيلىپ كەتتى. قىزچاقنى قولىغا ئېلىپ باغرىغا باستى. لالە ياتسىراپ ئۆزىنى چەتكە تارتتى ۋە خوتۇنغا قاراپ تەلپۈندى.

— ۋاي، ھەدىڭىزغۇ، موسكۋادىكى ھەدىڭىزغۇ، — دېدى خوتۇن لالەنى باغرىغا بېسىپ.

لالە كۆزلىرىنى چوڭ - چوڭ ئېچىپ قۇندۇزغا قارىدى.

— ماڭا نېمە ئېلىپ كەلدىڭىز؟

— ساڭىمۇ، كۆپ نەرسە ئېلىپ كەلدىم.

— ئۇخلايدىغان قورچاقمۇ ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ؟

قۇندۇز جاۋاب ئورنىغا ئۇنىڭ يۈزىدىن سۆيدى.

ئۆيگە كىردىشتى. خوتۇن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ يوللۇق رەختتىن تىكىلگەن خالات كىيىپ چىقتى - دە، ئۈستەل ئۈستىگە يېيىپ قويغان داستىخاننى ئېچىۋەتتى.

— قۇندۇزخان، ئاۋۋال بىر يۇيۇنۇۋالامسىز؟

مەيلى، قۇندۇزخان گويا سېھىرلەنگەندەك جاۋاب بەردى.

ۋاقىت بەك تېز ئۆتەتتى. ئۇ يۇيۇنۇش ئۆيىدىن چىقىپ ئۆزىنى سۈرتۈۋاتقاندىمۇ «بۇ خوتۇن كىم، نېمىشقا شۇنچە مېھرىبانلىق قىلىدۇ؟» دېگەن سوئال خىيالىدىن نېرى كەتمەدى. خوتۇن كىردى، قولىدىكى جۇڭگو شايىسىدىن تىكىلگەن خالاتنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە تاشلاپ، قوشۇپ قويدى:

— رەزمېرىڭىزنى بىلەلمىدىم. كەڭرەك بولسا تۈزەپ بېرەرمەن.

شۇ چاغدا لالەخان تېخى يېڭى ئورنىتىلمىغان كۆڭلەكنى ئېتىكىدىن سۆرەپ كىردى.

— ھە، ھەدە، ئانام ماڭا كۆڭلەك تىكىپ بەردى. كۆڭلىكىم بەك چىرايلىق. قىزىل كۆڭلىكىمنى كۆرسىتەيمۇ؟

خوتۇن يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىن كۆڭلەكنى ئالدى.

— ۋاي، قىزىم، تېخى پۈتمىدىغۇ.

قۇندۇزخان تۇرغان يېرىدە قېتىپ قالدى. سىڭلىسىنىڭ «ئانام» بۇ خوتۇننىڭ «قىزىم» دېيىشى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئوقتەك تەگدى. دېمەك، دېمەك ئۇ ...

قۇندۇز يۈزىنى ئالقانلىرى بىلەن يوشۇرۇپ ئىچكىرىكى ئۆيگە يۈگۈردى. ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە ئانا گەۋدىلەندى. ئۇ قىزغا خامۇش قاراپ، نېمىدۇر دېمەكچى بولغاندەك لەۋلىرىنى جوپىلەپ تۇراتتى. قۇندۇز كۆز ياشلىرىدىن ھۆل بولۇپ كەتكەن ياستۇقنى بىر ياققا سۈرۈپ قويۇپ، ئوڭ يانپىشىغا ئاغدۇرۇلغاندى، تامدا زەر ھەل رامكىدا كۈلۈپ قاراپ تۇرغان ئانىسىنىڭ سۈرىتىگە كۆزى چۈشتى.

ئىشىكتىن ماراپ تۇرغان لالە ھەيرانلىقتا كۆزىنى چىمىلدىتىپ كەينىگە قايتتى.

— ئانا، ئانا، ھەدەم يىغلاۋاتىدۇ.

خوتۇن خاموش ئولتۇرۇپ قالدى. توك چەيىنكىنىڭ جۈمەكىدىن پۇرقىراپ پار چىقاتتى. دولقۇنى قالايمىقان بولغان رادىئونىڭ ئاۋازى تىنماي خىرقىرايتتى.

— سىزمۇ يىغلاۋاتامسىز؟ — لالە خوتۇنىنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلدى. خوتۇن قىزچاقنى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى.

— بېشىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟

— ھە، قىزىم، بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ.

خوتۇن مۇشەققەت بىلەن ئورنىدىن تۇردى - دە، ئاستا مېڭىپ قۇندۇزخان ئولتۇرغان ئۆيگە كىردى. قۇندۇزخان ھامان ئانىسىنىڭ سۈرىتىگە تەلمۈرۈپ، خاموش ئولتۇراتتى. خوتۇنمۇ سۈرەتكە قارىدى.

«قېنى ئەمدى، ئۆز بالىلىرىڭغا ئۆزۈڭ باش - پاناھ بولساڭ ئىدىڭ، بەختىنى كۆرسەڭ ئىدىڭ. مەن سېنىڭ بەختىڭگە شېرىك بولماقچى ئەمەس ئىدىم... سېنىڭ يوقلۇقۇڭنى بىلدۇرمىسەم، بالىلىرىڭ قىشتا توڭلىمىسا، كىرى يۇيۇقسىز، قازىنى ئېسىقسىز قالمىسا دەيمەن. ئۇلارنى ئۆزۈڭ ئويلىغاندەك تەربىيىلىسەم دەيمەن. بايراملاردا، توي - تۆكۈنلەردە بويىنىنى قىسمىسا، يېتىملىكى بىلىنمىسە دەيمەن... »

خوتۇن ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئالدى - دە، قولىنى قۇندۇزخاننىڭ مۈرىسىگە قويدى.

— ھەممىسىنى چۈشىنىمەن. ئېغىر، بەك ئېغىر، بىراق ماڭىمۇ... ئۆزگىنىڭ پەرزەنتىگە ئانا بولۇشتەك ئېغىر ئىش يوقلۇقىنى بىلىمەن.

خوتۇن يۈرىكىنى دولقۇنلاندۇرۇپ تۇرغان پىكىرلەرنى ئېيتىش ئۈچۈن سۆز تاپالمىدى، خۇرسىندى.

دەر ھەقىقەت، ئانا ئۆز بالىسىنى شوخلۇق قىلغاندا تىللايدۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئۇرىدۇ. ئەمما ئۆزگىنىڭ بالىسىغا ئۇنداق قىلغىلى بولامدۇ؟ ئۇلارغا ئانىلىق قابىلىيىتىنىڭ ئەڭ نازۇك ۋاسىتىلىرى بىلەن ياندىشىش كېرەك.

ئۆگەي ئانىلار ھەققىدە خەقنىڭ ئاغزىغا چۈشكەن تۈرلۈك - تۈمەن لەتىپىلەر، چىداپ بولمايدىغان تەنىلەر چۈشەنچىمىزگە يېلىمدەك چاپلىشىپ قالغان. بۇ مۇناسىۋەتلەر ھامان ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى كەمسىتىپ كېلىدۇ.

قۇندۇزخان كەچلىك تاماق ۋاقتىدىمۇ خاموش ئولتۇردى.

يېشىنىپ ئورنىغا ياتقاندا گېلىنى بوغۇپ كېلىۋاتقان ئەلەم ۋە ئىزتىراپىنى ياندۇرماقچى بولۇپ ھەرقانچە كۆچىسىمۇ بولمىدى. يات خوتۇننى ئانا دەپ ئاتاشقا تىلى بارمايتتى، بۇنىڭغا ئۆزىنى مۇتلەق ھوقۇقسىز دەپ بىلەتتى.

يېنىدىكى ئۆيىنىڭ چىرىغى ئۆچتى. تام سائەت 11 قېتىم داڭ ئۇردى. خوتۇن ھامان ئۇخلىماي ئۆي ئىچىدە پىرقىراپ يۈرەتتى، لالەنىڭ بىئارام بولۇپ يىغلىغىنىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يەنە چىراغ ياندى.

— ۋاي قىزىم، قىزىپ قاپسەنغۇ، — بۇ خوتۇننىڭ ئاۋازى ئىدى.

قۇندۇز ئالدىراپ ياستۇقتىن باش كۆتۈرۈپ قۇلاق سالدى. ئىشكاپ غىچىرلاپ

ئىچىلدى. ئاياغ ئاۋازى، لالە ھامان ئىڭىرايتتى.

قۇندۇز قىيا ئوچۇق ئىشىكتىن ياندىكى ئۆيگە قارىدى، خوتۇن لالەنىڭ قولتۇقىغا قويغان تېرمومېترنى ئېلىپ چىراغقا تۇتۇپ قارىدى-دە، ئۇنى بىر سىلكىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويدى. لالەنىڭ كارىۋىتىغا ئېگىشىپ ئۇنىڭ كىرپىكىنى يىرىپ قارىدى ۋە ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆينىڭ ئۇ بېشىدىن-بۇ بېشىغا يۈرۈشكە باشلىدى.

قۇندۇز ئورنىغا كېلىپ ياتتى. ئۆزگىنىڭ پەرزەنتىدە ئۆزىگە نىسبەتەن پەرزەنتلىك ھېسسىنى قوزغىتالىغان خوتۇنغا يۈرىكىنىڭ ئاللا قەيىرىدە مۇھەببەت ئۇچقۇنى يالت قىلىپ كەتكىنىنى سەزمەي قالدى.

كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى.

دادىسى ئىشتىن كەچ قايتتى. ئۇ ئىش كىيىمىنى سېلىپ، باللارنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاياغ ئۇچىدا مېڭىپ لالەنىڭ كارىۋىتى تۆپىسىگە كېلىپ ئېگىشتى.

— قۇندۇزخان كەلدى.

— ھە؟! — ئۇ خوتۇنىنىڭ كۆزىگە قارىدى.

ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا ئۈچ مەنە بار ئىدى. بىرىنچىسى، ئۇزۇندىن سېغىنغان قىزىنى كۆرۈشكە ئالدىراش، ئىككىنچىسى، ئامراق ئانىسىدىن ئايرىلغان قىزنىڭ ئىزتىراپلىق ھالىتىنى كۆرۈشكە يۈرىكى چىدالماسلىقى، ئۈچىنچىسى، ئۆگەي ئانىغا بولغان مۇناسىۋەتتە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولمىدىمىكىن دېگەن شۈبھە ئىدى.

— ئۇخلاۋاتىدۇ، — دېدى خوتۇنى ئۇ ئىشىكنى ئېچىۋاتقاندا، — بىئارام قىلماي قويۇڭ، ھېرىپ كەلگەن، ئۇخلىسۇن.

ئۇ ئاۋاز چىقارماي بىر يۆتىلىۋالدى-دە، ئىچكىرى كىردى. ئۈستەل ئۈستىدىكى كۆك لامپۇچكىلىق چىراغدىن قۇندۇزخاننىڭ يۈزىگە ھاۋايى بىر نۇر چۈشۈپ تۇراتتى. «ئانىسىنىڭ نەق ئۆزى. كۆزىمۇ، يۈز قۇرۇلۇشلىرىمۇ خۇددى ...» دەپ كۆڭلىدىن كۆچۈردى ئاتا.

ئەر-خوتۇن خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدى، ئەر پات-پات تاماكا چېكەتتى. خوتۇن بولسا لالەنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيتتى.

قۇندۇزخان ئويغانغاندا، دادىسى چوڭ تاشئەينەك ئالدىدا يۈزىگە سوپۇن كۆپىكىنى سۈركەپ ساقال ئېلىۋاتقانىدى. ئۇ ھاپىلا-شاپىلا كىيىنىپ دادىسىنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئاتا ئەينەكتىن قىزنىڭ ئەكسىنى كۆرۈشى بىلەن قولىدىكى نەرسىلىرىنى تاشلاپ ئۇنى باغرىغا باستى.

قۇندۇز، گويا، شۇ ئىككى يىل ئىچىدە ھېچقانداق ۋەقە بولمىغاندەك ئۆزىنى خۇشال تۇتتى.

— قىزىم، داداڭدىن خاپا ئەمەستۇرسەن؟

— نېمىشقا خاپا بولىمەن، بەك توغرا قىلغانسىز...

ئۇلار ئۈستەل ئەتراپىغا ئولتۇرۇشتى. داستىخاندا پېچىنىلەر، ئەترگۈل نۇسخا تورت ۋە تۈرلۈك مېۋىلەر بار ئىدى.

— ئاناڭ سېنى كېلىدۇ دەپ ئۈچ كۈندىن بېرى تەييارلىق قىلدى.

ئانا سۆزى قۇندۇزخاننىڭ قۇلىقىغا باشقىچىرەك ئاڭلاندى. لېكىن ئاتا ئالدىدا ئۆزىنى تۇتتى، سەزدۈرمىدى.

ئىشقا ماڭىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى، ئاناڭ لالەنى دوختۇرغا ئېلىپ كەتكەندى. سەن ئازراق دەم ئال، هازىر كېلىپ قالىدۇ.

ئاتا چاپسان - چاپسان كىيىنىپ ئۆيدىن چىقتى. قۇندۇزخان يالغۇز قالدى. ئۇ بىردەم خىيال سۈرۈپ تۇرغاندىن كېيىن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كىيىم ئىشكاپىنى ئاچتى. كىچىك كىيىم ئاسقۇچلارغا لالەنىڭ سىلىق دەزماللانغان كۆڭلەكلىرى ئېسىلغاندى. ئۇ كىچىك ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭدا لالەنىڭ ئويۇنچۇقلىرى تىزىلىپ ياتاتتى. ئۆيلەرنىڭ هەممىسى پاك - پاكىز، دېرىزە پەردىلىرى ئاپئاق، ئۆي سايمانلىرى پارقىرايدۇ، هەممە ياقتا دىتلىق مېهرىبان خوتۇننىڭ قولى سېزىلىپ تۇراتتى.

قۇندۇزخان يوقالغان ئانىسىنى تېپىۋالغاندەك بولدى. بۇ خوتۇندا ئۆز ئانىسىنى — ئۇنىڭ مېهرى - مۇهەببىتىنى كۆردى.

نېرىقى ئۆيدىن لالەنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. قۇندۇزخان يۈگۈرۈپ چىقتى. خوتۇن قولىدىكى نەرسىلەرنى ئۈستەلگە قويۇۋاتقانىدى.

— دادىڭىز كېتىپ قالدىمۇ؟

— هازىر كەتتى، لالە ياخشىمۇ ئانا؟

خوتۇن تۇرغان يېرىدە هاڭۋېقىپ قالدى. قۇندۇز ئۇنى ئانا دەپ ئاتىدى، يا ئۇ خاتا ئېيتىپ قويدىمۇ؟! ئۇ خۇشاللىقىدىن ئەندىكتى. بۇ سۆز ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئىللىقلىقنى بېرىپ تەگدى. ئانا كۆڭلى تاغدەك كۆتۈرۈلدى. ئۇ بەختتىن بەختىيار هالدا توختىماي قۇندۇزنىڭ بېشىنى سىيلايتتى، ئەركىلىتەتتى.

قۇندۇز خوتۇن باغرىدا ئانا هىدىدىن مەست بولۇپ كۆزلىرىنى يۇمدى.

ئابدۇۋېلى خەلپەت (ت)

---

(بېشى 6 - بەتتە)

يۈسچان بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار قارشى تەرەپنىڭ مەڭگۈ ئۆز يېنىدىن ئايرىلماسلىقىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇ قارشى تەرەپنىڭ خىزمەتنى دەپ ئۇنى ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى سېزىپ قالىدىكەن، ئۇ هالدا بىر خىل نارازىلىق پسىخىكىسى ئۇنى تەشۋىشكە سالىدۇ، «ئۇ مېنى هەرگىز مەن سۆيگەندەك سۆيمەيدۇ» دەپ ئەنسىرەيدۇ. ئاياللارمۇ ئەرلەرنىڭ پسىخىكىلىق ئالاهىدىلىكىنى چۈشىنىشى، ئەرلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشى پەقەت توختىماي ئىشەنچلىك قەسەم بېرىش، «مەن سېنى سۆيىمەن» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي يۈرۈش ۋە يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي ئەتىگەندىن - كەچكىچە قېشىدا تۇرۇش ئەمەسلىكىنى بىلىشى لازىم. هەر كىمنىڭ مۇهەببەتلىشىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ، مۇهەببەت بىلەن كەسپنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مۇهەببەتنى كەسپكە ئىنتىلىش جەريانىدا يۈكسەلدۈرۈش، مانا بۇ يىگىتلەرنىڭ مۇهەببەتكە قويغان تەلىپى. ئەمدى ئاياللارغا كەلسەك، ئۇلار شۇنى بىلىشى كېرەككى، بىر ئادەمنى ياخشى كۆرۈش ئەتىدىن - كەچكىچە ئۇنى ئويلاش ۋە تىزگىنلەشتە بولماستىن، بەلكى ئۆز مۇهەببىتىنى ئورتاق كەسپىي ئىشلارنى چوڭقۇر چۈشىنىشكە ۋە ئۇنى قىزغىن قوللاشقا سىڭدۈرۈشتە. شۇنداق قىلغاندىلا، قارشى تەرەپ سىزنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارىدىكى مۇهەببەت مەزمۇنلۇق، مەنىلىك بولۇپ، هاياتىي كۈچى تېخىمۇ موللىشىدۇ.

## گېرمانىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىدە ئايال دىپلوماتلار كۆپەيمەكتە

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، گېرمانىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىنىڭ چەت ئەللەرگە تەيىنلىگەن ئايال دىپلوماتلىرى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيمەكتە. گېنسى رەھبەرلىكىدىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ئايال دىپلوماتلارنىڭ سانى دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆپ.

ھازىر، ئاياللار دىپلوماتىك خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قالماستىن، بەلكى مەلۇم جەھەتتە ئەرلەردىنمۇ ياخشى ئىشلىيەلەيدۇ، دېگەن قاراش ئومۇملاشماقتا. چۈنكى كىشىلەر، دىپلوماتىك خادىملاردىكى سېھرىي كۈچ، ئۇلارنىڭ سالاپەتلىك كىيىم-كېچىكىدە بولماستىن، بەلكى ئۇلاردا دىپلوماتلاردا بولۇشقا تېگىشلىك خىزمەت ئىقتىدارىنىڭ ھەقىقىي ھالدا ھازىرلانغان-ھازىرلانمىغانلىقىدا دەپ تونۇماقتا. دىپلوماتلاردىن ئۆتكۈر، چېچەن بولۇش، چوڭقۇر كۆزىتىش ئىقتىدارى، مول بىلىمگە ئىگە بولۇش، پائالىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. گېرمانىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىدىكى ئاياللار دىپلوماتىيە خىزمىتىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بارا-بارا بۇ ساھەدە ئەرلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلىمەكتە. گېرمانىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىنىڭ يۇگوسلاۋىيە، بۇرۇندى، تانزانىيىلەردە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى، فرانسىيىنىڭ نانسىي، ئامېرىكىنىڭ سىئېتىل، جۇڭگونىڭ شاڭخەي قاتارلىق شەھەرلىرىدىكى باش كونسۇللىرىنىڭ ھەممىسى ئاياللار.

ئىلگىرى بۇ دۆلەتتە، دىپلوماتىيە كەسپىنى ئۆگىنىشكە قوبۇل قىلىنىغان 50 نەپەر ئوقۇغۇچى ئىچىدە، ئاياللارغا پەقەت ئىككىلا سان بېرىلەتتى، ھازىر ئاياللار 10 دىن 15 كىچە سانىنى ئىگىلەيدىغان بولدى. ئۆگىنىش ۋە تەربىيىلەشتە ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەتمەيدىغان بۇ ئايال ئوقۇغۇچىلار خىزمەتتە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، باشقىلارنى ھەيران قالدۇرارلىق ھالدا ئىشلىمەكتە.

رىشىت راخمان (ت).

## دۇنيادا مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ ئىچىدە ئاياللارنىڭ سانى ئاز

دۇنيا ستاتىستىكا ماتېرىيالى، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە ئاياللار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلسىمۇ، لېكىن مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئۆتەۋاتقانلار ئىچىدە ئەرلەرنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ئەنگلىيىدىكى ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئايال مۇدىرلىرى 16 پىرسەنتىنى، ئامېرىكىدا ئون پىرسەنتىنى، كانادادا بەش پىرسەنتىنى، ياپونىيىدە ئاران بىر پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىكەن.

راخمانجان رۇسۇل (ت)

# مۇھەببەتنىڭ دەسلەپكى سېزىملىرى

بەزى كىشىلەر مۇھەببەت شەپىسىز كېلىپ، ئىزسىز كېتىدۇ، ئۇنى بەلىپ يېتىش تەس دەپ ئاغرىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مۇھەببەت بىر خىل ھېسسىياتتۇر. ئەگەر ئۆزىڭىزنى ئازراق تۇتۇۋالسىڭىزلا دەل مۇھەببەت باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزنى بايقىۋالالايسىز. چۈنكى، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مۇھەببەتنىڭ دەسلەپكى سېزىمى بولىدۇ. ئېيتايلۇق:

△ ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇرغان چېغىڭىزدا قارشى تەرەپنىڭ كۈلكىسى ياكى چىرايى كۆز ئالدىڭىزدا ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ناھايىتى شېرىن بىر خىل سېزىم ھېس قىلىسىز.

△ زېرىككەن ۋاقتىڭىزدا، قارشى تەرەپنىڭ كۆزلىرىنى ياد ئەتسىڭىزلا، شۇ ھامان سىزدە بىر خىل تەسەللىي سېزىمى پەيدا بولىدۇ.

△ ھەر قېتىم قارشى تەرەپكە تېلېفون بەرگەندە ياكى قارشى تەرەپ بىلەن ئۇچراشماقچى بولغاندا ناھايىتى جىددىيلىشىپ، پۇت-قولىڭىز تىترەپ نېمە قىلىشىڭىزنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىسىز.

△ ئۇچرىشىشقا ئۆزىڭىز بىلىپ-بىلمەي ئەڭ ياخشى كىيىم-كېچەكلىرىڭىزنى كىيىپ، چىرايلىق ياسىنىپ ئاندىن چىقىسىز. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھۇزۇرلىنىپ ئۆز-ئۆزىڭىزچە كۈلۈپ كېتىسىز.

△ قارشى تەرەپنىڭ بىرەر قېتىم ماختاپ قويۇشى سىزنى خېلىغىچە خۇشال قىلىدۇ، تەنقىدلىشى ياكى ئەيىبلىشى سىزنى پات-پات قاتتىق ئازابلايدۇ.

△ قارشى تەرەپ بىلەن ئۆزئارا زەڭ سېلىشىپ قاراشقاندا ياكى ئىككىيلەننىڭ كۆزى ئۇچرىشىپ قالغاندا، سىزدە توك سوقۇۋەتكەندەك بىر خىل سېزىم پەيدا بولىدۇ.

△ ئەگەر قارشى تەرەپكە تاسادىپىي ئۇرۇلۇپ كەتسىڭىز، بۇ خىل ئىللىق سېزىم پۈتۈن بەدىنىڭىزگە تارقاپ كېتىدۇ.

△ قارشى تەرەپ بىلەن بىللە بولغان ۋاقتىڭىزدا ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىسىز-دە، ئۇچرىشىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش ھېسسىياتىدا بولىسىز.

مىجىت ئېلى (ت)





# مۇھەببەتتىكى سېھرىي كۈچ

بەزى قىزلار: ئۇ ماڭا ئېرىشكەندىن كېيىن يېڭى مۇھەببەتلەشكەن چاغدىكى قىزغىنلىقىنى يوقاتتى، دەپ ئاغرىنسا، يەنە بەزى ئەر-خوتۇنلار: توي مۇھەببەتنىڭ قەبرىسى ئىكەن، دەپ ھەسرەت چېكىشىدۇ.

توي قىلغان ياكى مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىش ئالدىدا تۇرغان خېلى كۆپ ساندىكى ياشلار ھېسسىياتنىڭ ئىلگىرىكىدەك قىزغىن بولماي قالغانلىقىدىن ۋە تۇرمۇشنىڭ ھېچبىر يېڭىلىقى قالمىغانلىقىدىن قايغۇرىدۇ؛ كىشىنى گاڭگىرىتىدىغان بۇ خىل ئەھۋال بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى: ئاشىق-مەشۇقلار ئارا يېڭىلىق تۇيغۇسىنى ۋە سىرلىقلىقىنى ساقلاش مۇھەببەت تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى مۇھەببەتنىڭ مەڭگۈلۈك لەززىتى — ئىككى تەرەپنىڭ يېڭى شەيئىلەرگە بولغان ھەۋىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا مۇھەببەتتىن مەڭگۈ لەززەت ئېلىش ئۈچۈن، ئىككى تەرەپ غۇۋا ئىستېتىك تۇيغۇنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتۇپ تۇرۇشى، يېڭى خاسلىققا ئىگە روھىي بايلىقنى مەڭگۈ ساقلىشى كېرەك. پۈتمەس-تۈگىمەس مەنىۋى مۇناسىۋەت مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئاشىق-مەشۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشنى بىلىم ۋە ئەقىل-پاراسەت يۇغۇرۇلمىسىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل روھىي گۈزەللىك ئاساسىغا تۇرغۇزۇش مۇھىم شەرت. ئەقىل-پاراسەت ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلسە، سۆيگۈنىڭىز سىزدىن دائىم يېڭىلىقلارنى ئۇچرىتىپ تۇرىدۇ، سىزدە بايقالمىغان گۈزەللىك ۋە جەلپ قىلىش كۈچى بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئاندىن قارشى تەرەپ بارغانسېرى سىزگە يېقىنلىشىش ئارزۇسىدا بولىدۇ.

يەڭگىللىك بىلەن ئىپپىتىنى يوقىتىپ قويغان بەزى قىزلار ئىپپەت-نومۇسنى تەقدىم قىلىش ئارقىلىق قارشى تەرەپنى ئۆزىدىن چانمايدىغان قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدەك بولمايدۇ. ھەددىدىن زىيادە يېقىنلىشىشنىڭ ئاقىۋىتى ئاشىق-مەشۇقلار ئوتتۇرىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك پەردىنى ئەڭ لازىملىق پەيتتە يىرتىپ تاشلاپ، مۇھەببەتلىشىش باسقۇچىدىكى ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئۆزگە تەلپۈندۈرىدىغان پسىخولوگىيىلىك ئىنتىزارلىقنى يوقىتىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ جىنسىي تۇرمۇشقا بولغان ھەۋىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ گۈزەللىك قىممىتىنىمۇ چۈشۈرۈۋالىدۇ. ئاتاقلىق كىنو چولپىنى سوفىيا روللاند ئارتىسلارنىڭ يالىڭاچ رەسىمى ئۈستىدە توختىلىپ: «يالىڭاچ رەسىم سەنئەتنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. چۈنكى ئۇنىڭدا سىرلىقلىق قىممىتى قالمىغان، يارىشىملىق كىيىم-كېچەك يالىڭاچ بەدەنگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە» دېگەنىدى. شۇڭا قارشى تەرەپتە دائىملىق قىزغىنلىقنىڭ بولۇشى ئۈچۈن غۇۋا گۈزەللىكنى مەڭگۈ ساقلاش كېرەك. غۇۋا سىرلىق تۇيغۇ مۇھەببەتتىكى جەلپ قىلىش كۈچىنى ھاسىل قىلىدىغان مۇھىم ئامىل، شۇنداقلا سۆيگۈنىڭنىڭ قەلبىدە پۈتمەس-تۈگىمەس گۈزەل ھېسسىيات يېتىلدۈرىدىغان ئۆلچەملەرنىڭ بىرىدۇر.

تۇرسۇنگۈل ئابدۇللا (ت)

# قىزلارنىمىلەردىن ساقلىنىشى لازىم




△ ئۆيدىكىلىرىگە ئېيتىپ قويماي ئۆزى بىلگەنچە سىرتقا چىقىپ كەتمەسلىك لازىم.

△ سىرتتا ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىشتىن، ئۆز مەيلىچە ساۋاقداش، دوست، خىزمەتداشلىرىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىپ، ئۆيگە قايتىپ كەلمەسلىكتىن ساقلىنىش لازىم.

△ كېچىدە يالغۇز يول يۈرمەسلىك، خىلۋەت، قاراڭغۇ جايلاردا توختىماسلىق لازىم.

△ ناتونۇش كىشىلەرنىڭ تەكلىپىنى ئالدىراپ قوبۇل قىلماسلىق لازىم. مەسىلەن، يالغۇز ئۇچرىشىش، كىنوغا بېرىش، بىللە سۈرەتكە چۈشۈش، تانسىغا بېرىش...قا ئوخشاش.

△ ماددىي نەرسىلەرگە قىزىقىپ، ئالدىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

△ قىستاڭچىلىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى، ئەرلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە يېقىن تۇرۇشىدىن ساقلىنىش لازىم.

△ كۈتۈلمىگەن ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تونۇشمايدىغان شوپۇرنىڭ ماشىنىسىغا يالغۇز ئولتۇرماسلىق لازىم.

△ تېتىقسىز گەپ-سۆز بولۇۋاتقان يەردە تۇرماسلىق لازىم.

△ ئۆزىگە كۆز تىكىپ ۋە ئەتەي سۈركىلىپ چېقىلغان ئەرلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش لازىم.

## ئانچە چىرايلىق بولمىغان قىزلارغا...

قىزچاق، تاشقى قىياپىتىڭىزنىڭ كۆرۈمسىزلىكىدىن (ئالايلى، كۆزىڭىز كىچىكرەك، ئېغىزىڭىز چوڭراق، تېرىڭىز قارىراق، چىشىڭىز رەتسىزرەك بولسا) ھەرگىز ئەپسۇسلانماڭ. ئامال قىلسىڭىزلا ئۆزىڭىزنى سۆيۈملۈك ۋە كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغان قىلىپ كۆرسىتەلەيسىز.

1. ياشلىق گۈزەل بولىدۇ. ياشلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان قىزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك گۈزەل كۆرۈنىدۇ.

2. ئادەم گۈزەل بولغىنى ئۈچۈن سۆيۈملۈك بولماستىن، بەلكى سۆيۈملۈك بولغىنى ئۈچۈن كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ. گۈزەل قىياپەت كىشىگە پەقەت گۈزەللىك تۇيغۇسىنىلا بېرىدۇ. ئەمما خاراكتېر بىلەن ئىچكى گۈزەللىك بولسا خۇددى مەيىن باھار شامىلىغا، قىشتىكى قۇياش نۇرىغا ئوخشاش كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ.

3. كىشىلەرنىڭ گۈزەللىككە بولغان زوقلىنىشىدا تۈرلۈك-تۈمەن خىل پەرق بولىدۇ. كىشىلەر ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردە پەقەت ئۆزىگىلا خاس گۈزەللىكلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بەزىدە سىز ئۆزىڭىزدە بار بولغان گۈزەللىكنى بايقىيالماسلىقىڭىز مۇمكىن. بەزىدە سىز گۈزەل دەپ قارىمىغان تەرەپلەر باشقىلار تەرىپىدىن گۈزەل دەپ قارىلىشى مۇمكىن.

غالىبجان ئابلا (ت)

# تەنها ياشاشنىڭ سىرى

بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرىكى، ئىللىق باھار كۈنلىرىنىڭ بىر سەھىرى، ئېرىم مەن بىلەن قىزغىن خوشلاشقاندىن كېيىن، ناھايىتى روھلۇق ھالدا: «قەدىرلىكىم، سائەت ئۈچتە قايتىپ كېلىمەن» دەپ گولف توپ ئوينىغىلى كەتكەنىدى. شۇ كۈنى ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ قېلىپ، ئىككىنچى قايتىپ كەلمىدى. مەن تەنها ياشايدىغان، ھەر بىر كىشى ئورتاق دۇچ كېلىدىغان غېرىبسىنىش، تايانچسىز قېلىش، خىلمۇخىل قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىش، باشقىلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىغا ھەۋەس قىلىش، خۇشاللىق ھەم دەرد-ئەلەمدە باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىشنى ئارزۇ قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۈگىنىۋالدىم. بۇ يىل يازدا مەن ئېرىمنىڭ ماڭا بۇرۇن يازغان خەتلىرىنى قايتىدىن ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ بەكمۇ قەدىرلىك شۇنىڭدەك بەكمۇ مۇرەككەپ ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار ئۇنىڭ ئارزۇلىرى ۋە پۇرسەتلىرىنى يۇتۇۋەتكەنىدى. مەن ئىختىيارسىز بىر خىل ئىللىقلىقنى ھېس قىلدىم. ئۆز ۋاقتىدا ئېرىمنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ئىناق ئۆتمىگەنلىكىمگە بەكمۇ ئۆكۈندۈم. تەنهالىق تۇرمۇش مېنىڭ ئەسلىمىلىرىمنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى، ئاشۇ ئەسلىمىلەر تۇرمۇشتىن زەربە يېگەن ئىرادەمنى تېخىمۇ چىڭىتتى. تەنهالىق تۇرمۇش، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بىر چېنىقىش باسقۇچى. تەنهالىق تۇرمۇشنى باشلىغان دەسلەپكى كۈنلەردە، مېنى ۋەھىمىگە سالغان نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. مەن بىر داچىدا دەككە-دۈككە ئىچىدە يالغۇز ياشايتتىم، مەڭگۈ مۇشۇنداق تەنها ئۆتۈشنى ئويلىسام تېخىمۇ قورقاتتىم. ئەمما مەن ھەممىنى يەڭدىم، بارغانسېرى قەيسەرلىك بىلەن ياشاۋاتقانلىقىمدىن بەكمۇ خۇشال بولدۇم. مەن ئاياللار قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان بىر قاتار ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئۆزۈمنى تېخىمۇ چۈشەندىم. ئىنسانىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى كۆرۈپ يەتتىم، بۇنىڭدىن باشقا، تەنها ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ مىجەزىنىڭ ئادەتتە كىشىلەر ئېيتقاندەك غەلىتە ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭمۇ ئوچۇق-يورۇق كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم. شۇڭا مەن دوستلىرىم بىلەن تېخىمۇ ئەركىن، تېخىمۇ سەمىمىي مۇناسىۋەت قىلدىم، بىرنىڭ باردى-كەلدىمىز تېخىمۇ قويۇقلاشتى، دوستلۇقىمىز تېخىمۇ چىڭىدى.

ئوتتۇرا ياشتىن يىراقلىشىپ بارغانسېرى تەنها ياشايدىغانلار تې-

خىمۇ كۆپىيىدۇ. بۇ كىشىلىك تۇرمۇشتا ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىش، بۇنداق مەزگىلنى كىشىنى تېخىمۇ يېتىلدۈرىدىغان تۇرمۇش مەزگىلى، دەپ قاراش ئەڭ ئاكتىپ پوزىتسىيىدۇر. ئالدى بىلەن ئۆز-ئۆزىگە ئىچى ئاغرىپ، ئۆز ھېسسىياتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، ھېچكىمگە ئارىلاشماي ئۆتۈشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. گەرچە ناھايىتى تەس بولسىمۇ، ئەمما بىز چوقۇم تۇرمۇشنى، باشقىلارنى چىن دىلىمىزدىن سۆيۈشىمىز كېرەك. كۆزىمىزگە ھېچنەرسە سىغمايدۇ، دەپ قارىغاندا گەپ قوپاللىشىدۇ، نەتىجىدە بۇ باشقىلار بىلەن بولغان ئارازلىقنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئىككىنچىدىن، تەنھا ئۆتكۈزىدىغان تۇرمۇشنى پسىخولوگىيە جەھەتتىن يېتىلىشنىڭ پۇرسىتى دەپ قاراش كېرەك، تەنھا ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق دەپ قاراش بىر تەرەپلىمىلىك. شۇنى بىلىش كېرەككى، تۇرمۇشنىڭ ئىللىق باھار كۈنلىرىمۇ، بوران-چاپقۇنلۇق كۈنلىرىمۇ بولىدۇ. تەنھا تۇرمۇش، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئۇزۇن زەنجىرى ئىچىدىكى بىر ھالقا. مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە، ئۆتمۈشتىكى كەچۈرمىشلەرنى ئەسلەپ، كېلەچەكتىكى تۇرمۇشقا نەزەر سالغىلى بولىدۇ. ئەگەر قايتا نىكاھلىنىش خىيالىڭىز بولسا، ئۇنداقتا خىزمەت ئورنىڭىزنى ئالماشتۇرۇپ، يېڭى دوست تۇتسىڭىز، پۇرسىتى كەلگەندە تەمتىرەپ قالماي، ئارزۇيىڭىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالايسىز. ئۈچىنچىدىن، بىز يەنە يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالالايمىز. نۇرغۇن ساھەلەردە بىز ھېچنېمە بىلمەيمىز، ئەگەر بىز ئۆگىنىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدىغانلا بولساق، ئالدىمىزدا يېپيېڭى بىر دۇنيا ئېچىلىدۇ. ئاخىرىدا، بىز يەنە تۇرمۇشنىڭ لەززىتىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشىمىز لازىم. بىزنىڭ يۈرىكىمىز جاراھەتلەنگەن، ئەمدى ئاشۇ جاراھەتنى ساقايتىدىغان ۋاقىت كەلدى. ئوبدان ئوزۇقلىنىپ، ياخشى دەم ئالغاننىڭ سىرتىدا، يەنە ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرساق بولىدۇ.

تۇرمۇش يولىدا ھېچكىم تەنھا ياشاشنى تاللىمايدۇ، مەنمۇ ھەم شۇنداق. ئەمما، مەن تەنھالىق تۇرمۇشنى، تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراشنى خالايمەن. ئۇ كەم بولغاندا كىشىلىك تۇرمۇش مۇكەممەل بولمايدۇ. ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ئىڭراپ يەرگە چۈشكەن بوۋاقمۇ دۇنياغا يالغۇز كۆز ئاچقان. كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى ھەممە ئادەم ئاخىر تاپىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىنى ھەر بىر ئادەم ئۆزى بېسىپ ئۆتىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، غەيرەتلىك ھالدا سەمىمىيلىك بىلەن ياشاپ تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىش ھەممىدىن مۇھىمدۇر.

تەھرىر بۆلۈمىمىز رەتلىگەن

# تۇغما غەيرىيلىك ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش

پاشا ئاقموللا

ئەۋلادلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش — سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. ئەۋلادلارنىڭ ساغلام تۇغۇلۇشى ئۇلارنىڭ ئىقتىدارلىق بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. شۇڭا ئەۋلادلار سۈپىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تۇغما غەيرىيلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

تۇغما غەيرىيلىكنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇ تۇغما دۆت، تۇغما قارىغۇ، تۇغما گاس-گاچا، يۈرەك كلاپانلىرىنىڭ تۇغما كەملىكى، يۈرەك كلاپانلىرىنىڭ تۇغما ئېتىلمەي قېلىشى، تۇغما مېڭىسىزلىك (باشنىڭ ئارقا سۆڭىكى بولماسلىق)، تۇغما يېرىق تاڭلاي، يېرىق ئومۇرتقا ۋە توشقان كالپۇك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تۇغما غەيرىيلىكنى پەيدا قىلغۇچى ئامىللار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ئىرسىيەتلىك ئامىللار تۇغما غەيرىيلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىرسىيەت — ئەجدادتىكى غەيرىيلىكنىڭ ئەۋلادتا ئىپادىلىنىش ھادىسىسىدۇر. ئىرسىيەتنىڭ ماددىي ئاساسى خروموسوما دەپ ئاتىلىدىغان ماددا بولۇپ، ئۇنىڭدا PNA ئاقسىلدىن ئىبارەت گېنلىق ئىرسىيەت كۆپەيتكۈچلەر بار. ئادەم تېنىدىكى ھۈجەيرىلەردە 23 جۈپ خروموسوما بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر جۈپى جىنسىي خروموسوما، قالغانلىرى دائىملىق خروموسومىدىن ئىبارەت. بىر جۈپ جىنسىي خروموسوما جىنسىي ئايرىمىنى بەلگىلەيدۇ. قالغانلىرى ئەر-ئاياللاردا ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر ئاتىنىڭ ئۇرۇقى ياكى ئانىنىڭ تۇخۇم ھۈجەيرىسى ساغلام بولمىسا، تۆرەلمىدە كەمتۈكلۈك پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئىرسىي ماددىنىڭ ئاساسلىق توشۇغۇچىسى بولغان خروموسوما ئىرسىيەت كېسەللىكىنى توشۇش رولىنى ئويناپ، بەزى كېسەللىكلەرنى ھامىلىگە ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا قانداش ئۇرۇق-تۇغقانلار توي قىلسا، كۆپلىگەن گېنلار ئوخشاش بولغاچقا، ئىرسىيەتلىك كېسەللىكلەرنى ئېلىپ يۈرۈش مۇمكىنچىلىكى تېخىمۇ ئاشىدۇ ۋە كېيىنكى ئەۋلادلاردا ئوڭايلا ئىرسىيەت كېسەللىكى ۋە تۇغما غەيرىيلىكنى پەيدا قىلىدۇ.

2. ھامىلە بالىياتقۇ ئىچىدە بالا ھەمرىيى ئارقىلىق ئانىنىڭ تېنىدىن ئوزۇقلۇق ئېلىپ چوڭىيىدۇ، ھامىلدارلىقنىڭ دەسلەپكى ئۈچ ئېيى ھامىلە ھۈجەيرىلىرى ئايرىلىدىغان ۋە توقۇلما ئەزالار شەكىللىنىدىغان مەزگىل بولغاچقا، ئەگەر ھامىلدار ئايالنىڭ ئوزۇقلىنىشى ناچار بولسا، بويىدىن ئاجراش، بالدۇر تۇغۇپ قويۇش، ئۆلۈك تۇغۇش، ھامىلىدە تۇغما

غەيرىيلىك شەكىللىنىش قاتارلىق ئەھۋاللار
ئاسانلا يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بالا
ھەمرىيى ھامىلىنى دالدىغا ئېلىپ زىيان-
زەخمەتتىن ساقلايدىغان تەبىئىي توساقلىق
رولىنى ئوينىسىمۇ، ئەمما بەزى كېسەل-
لىك ۋىرۇسلىرى بۇ توساقتىن ئۆتۈپ
ھامىلىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. ھامىلدارلىق-
نىڭ دەسلەپكى ئۈچ ئېيىدا يۇقۇملۇق زۇ-
كام، سوغان كېسىلى، ۋىرۇسلۇق جىگەر
ياللۇغى، قىزىل بەلباغسىمان قوقاق، يۇ-
لۇن سۆر مايدا ياللۇغى ۋە باشقا ۋىرۇس-
لار كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يۇقۇملۇق
كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىش ھامىلىدە
تۇغما غەيرىيلىكنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇ-
نىڭدىن باشقا، ھامىلدارلىقنىڭ دەسلەپكى
مەزگىلىدە ئۇزۇن مۇددەت زەھەرلىك ماد-
دىلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇش، بۇلغانغان
ھاۋادا نەپەس ئېلىشمۇ ھامىلىنىڭ سۈپە-
تىنى ناچارلاشتۇرىدۇ.

3. ھامىلدارلىقنىڭ دەسلەپكى ئۈچ
ئېيىدا ھامىلىگە زىيىنى بولىدىغان دورى-
لارنى ئىچىش، بولۇپمۇ تېتراتسىكلىن،
ئاسپىرىن، ستىرېپتومىتسىن، گىنتامىت-
سىن، خلورومىتسىن ۋە سولفامىد پرې-
پاتلىرى، ئۇخلىتىدىغان دورىلار ۋە باشقا
خىمىيۋى دورىلار نېرۋا سىستېمىسى،
يۈرەك قان تومۇر سىستېمىسى ۋە سەزگۈ
ئەزالارنىڭ غەيرىيلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقى-
رىدۇ، چۈشۈكنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن بىرگە، ھامىلدارلىقنىڭ دەسلەپكى
مەزگىلىدە، ئانا تېنى رېنتگېن نۇرى بى-
لەن ئۇچراشسا (رېنتگېنگە چۈشۈش، رە-
سىمگە ئېلىش) رېنتگېن نۇرى ھامىلىنىڭ
سۆڭەك، جىنسىي كۆپىيىش ئەزالىرى،
نېرۋا سىستېمىسى ۋە كۆزىنىڭ غەيرىيلى-
كىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

شۇڭا، ساغلام، گۈزەل، ئەقىللىق
پەرزەنت كۆرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئورتاق
ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تويى
قىلغۇچىلار ئۆز ئارا ئىرسىيەتلىك كېسەل-
لىكلەرنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئىگىلەپ، توي
قىلىشتىن ئىلگىرى دوختۇرلارنىڭ مەسلى-
ھەتىنى ئېلىشى، يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلار
تويلاشماسلىقى كېرەك.

---

(بېشى 28-بەتتە)

ئۆتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. پەقەت ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلغاندا چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— قىزىتمىسىمۇ يېنىپ خېلى ئارام ئېلىپ قالدى؛ خاتىرجەم بولسىڭىز بولىدۇ، — دېدى دوختۇر يېقىملىق تەلەپپۇزدا. ئابلانىڭ كۆزلىرى يېنىپ كەتتى. ئارقىدىن ۋىلىلداپ ياشقا تولدى. ئۇ بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئۇخلاپ ياتقان نىجاتنى ئويغاتتى-دە، رەيھانىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىردى ۋە

— ئوغلۇم ئاپاڭنى سۆيۈپ قوي. پەرزەنتىنىڭ تىنىقى ئانا ئۈچۈن شىپا بولىدۇ، — دېدى. دوختۇر، سېستىرالارنىڭ كۆزلىرى بىردەك ئابلاغا تىكىلدى. نىجات ئاپىسىنىڭ مەڭزىدىن ئۇزاق سۆيدى.

— خاتىرجەم قايتىڭ، — دېدى دوختۇر تەكرارلاپ. ئابلا نىجاتنى كىيىندۈرۈپ، باش-كۆزىنى چۆمكىدى. پەلتوسىنى كىيىپ، ياقىسىنى كۆتۈردى.

ئابلا بىلەن نىجات دوختۇرخانىنىڭ ئىشىكىدىن چىققاندا ھەممە ياق ئاپئاق قارغا كۆمۈلگەن، شەرق ئۇپۇقى ئاقىرىپ، تاڭ سۈزۈلگەندى.

# بالىلارنىڭ پۇتىنى يۇيۇش
# ۋە سالامەتلىك

ئىلىمىز تىبابەتچىلىكىدە: «پۇت
ئادەمنىڭ يىلتىزى» دەپ قارىلىدۇ. چۈنـ
كى ئالتە تومۇرنىڭ 66 پەللىسى ئىچىـ
دىكى كۆپلىگەن مۇھىم پەللىلەر پۇتقا
جايلاشقان. شۇنىڭدىن پۇتنىڭ پۈتۈن بەـ
دەنگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىملىقىنى
كۆرۈۋېلىش ئاسان بولىدۇ. شۇڭا بالىلارنىڭ پۇـ
تىنىڭ تازىلىقى ۋە ساقلىقىنى ساقلاشقا
دىققەت قىلىش ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپـ
يېتىلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق.

هازىرقى زامان تىبابەتچىلىك ئىلىـ
مى شۇنى ئىسپاتلىدىكى: پۇتتا ئىچكى
ئەزالار بىلەن تۇتۇشىدىغان نۇرغۇن نېرۋا
رېفلېكس نۇقتىلىرى بولۇپ، پۇتنى يۇـ
يۇش ئارقىلىق بۇ رېفلېكس نۇقتىلىرى
غىدىقلانسا قان ئايلىنىش راۋانلىشىپ
كېسەلنىڭ ساقىيىشى تېزلىشىدۇ.

قىشتا بالىلارنىڭ پۇتىنى ئىسسىق
سۇدا يۇيۇپ تۇرسا قىسمەن ئورۇنلىرىدىكى
قان ئايلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۈشـ
شۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.
ئەگەر پۇت ئۈششۈپ قېلىپ، قىزىرىش،
ئىششىش، قىچىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر
كۆرۈلسە، پىدىگەن (چەيزە) شېخىنىڭ
سۈيىدە پۇتىنى يۇسا، ئاغرىق ئازابىنى
يەڭگىللەتكىلى بولىدۇ. پۇت تەمرەتكىسـ
گە گىرىپتار بولغانلار دورا سۈرۈشكە
ماسلاشتۇرۇپ، پۇتىنى يۇيۇپ تۇرسا يۇقۇمـ
لىنىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بالىلارنىڭ
كۈندىلىك ھەرىكەت مىقدارى كۆپرەك بوـ
لىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ پۇتىنى ھەر كۈنى



ئىسسىق سۇدا يۇيۇپ تۇرسا سۆت كىسـ
لاتاسىنىڭ قىسمەن ئورۇنلارغا يىغىلىۋېـ
لىشىنى ئازايتىدۇ، ھاردۇقىنى چىقىرىدۇ
ھەمدە بۇنداق قىلىشنىڭ بالىلاردىكى پۇت
كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىمۇ مەلۇم
رولى بولىدۇ.

بالىلارنىڭ پۇتىنى يۇغاندا پۇتـ
نىڭ بارماقلىرى، پۇت پەنجىسى قاتارلىق
ئورۇنلارنى ئۇۋۇلاپ بەرگەندە تالنى ساغـ
لاملاشتۇرۇپ، بۆرەككە پايدا يەتكۈزۈپ،
نېرۋىنى تىنچلاندۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ
يەنە بالىلارنىڭ ئورنىغا سىيىپ قويۇش
كېسىلى، ھەزىم قىلىش ناچارلىشىش، قەۋـ
زىيەت، كېچىسى يىغلاش قاتارلىقلارنى داـ
ۋالاشتىمۇ مەلۇم ئۈنۈمى بار.

پۇت يۇيۇشنىڭ توغرا ئۇسۇلى:
پۇتنى تېمپېراتۇرىسى مۇۋاپىق تەڭشەلـ
گەن سۇدا ئۇۋۇلاپ سۈرتۈش، سېرىپ يۇـ
يۇش لازىم. بۇنداق قىلغاندا پۇتنى پاـ
كىز يۇغىلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە
مۇسكۇل ۋە پەيلەرنى بوشاشتۇرۇپ، بەـ
دەننىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشىنى ئىلـ
گىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

ئابلەت توختى (ت)

## چارچىغاندا ئىلمىي ئۇسۇلدا ھاردۇق چىقىرىشنى بىلىۋېلىڭ

چارچاشنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئۇنى ئاساسەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى، جىسمانىي كۈچ ئادەتتىن تاشقىرى خوراش، جىددىي ئەمگەك قىلغاندا مۇسكۇللار ھەددىدىن ئارتۇق ھەرىكەتلەنگەن، كونا بىلەن يېڭىنىڭ ئالمىشىشىدىن كېلىپ چىققان كاربون (IV) ئوكسىدى ۋە سۈت كىسلاتاسى قاتارلىق كېرەكسىز ماددىلار قانغا يىغىلىۋالغانلىقتىن، مۇسكۇللار ئۇنۇملۇك ھالدا ھەرىكەتلىنەلمەيدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە چارچاش كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق چاغدا يېتەرلىك دەم ئېلىش ھاردۇقنى چىقىرىدۇ. ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇپ، بەدەنگە يىغىلىپ قالغان كېرەكسىز ماددىلارنى چىقىرىۋېتىپ، مۇسكۇللارنى بوشاشتۇرۇش ھاردۇقنى چىقىرىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى. ئىككىنچى، بەدەندە يوشۇرۇنۇپ ياتقان كېسەل بولسا، كېسەل ئاشكارىلىنىشتىن ئىلگىرى ئادەم ماغدۇرسىزلىنىدۇ، پۇت-قولى تالىدۇ، ئازراق ئىش قىلسا چارچايدۇ، بۇ خىل ئەھۋالدا دوختۇرغا كۆرۈنۈپ كېسەللىكنى تېپىش كېرەك. ئۈچىنچى، كەيپىياتى ناچارلىشىش، روھى چۈشۈش، خىزمەتتىكى ئوڭۇشسىزلىق، تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىق، دەرد-ئەلەمنى كىشىگە ئېيتالماسلىقتەك سەۋەبلەرمۇ چارچاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل چارچاشنى سەۋرچانلىق، ئىنچىكىلىك بىلەن ئىدىيىسىۋى خىزمەت ئىشلەش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىدىكى ئۈمىدۋارلىق، ئىشەنچ ۋە غەيرەتنى ئاشۇرۇش ئارقىلىقلا تۈگەتكىلى بولىدۇ.

مەيلى قانداقلا سەۋەبتىن كېلىپ چىققان چارچاش بولمىسۇن، ھەممىسىدە يېتەرلىك ئۇخلاشقا ئەھمىيەت بېرىش ناھايىتى زۆرۈر. ئۇخلاش ئارقىلىق بەدەننى دەم ئالدۇرغىلى، شۇنىڭدەك چوڭ مېڭىنىڭ ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئادەم چارچىغاندا كۆپ مىقداردىكى ئىسسىقلىق ھەم ئوزۇقلۇق ماددىلار خورايدۇ. بۇنى ئوبدان غىزالىنىش ئارقىلىق تولۇقلاپ، جىسمانىي كۈچنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندە، چارچاشنى تۈگىتىش ئۈچۈن ماددىي شەرت-شارائىت يارىتقىلى بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، بەدەن چېنىقتۇرۇشنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇپ، تەننىڭ ساغلاملىقىنى ئاشۇرغاندا، بەدەندىكى ماددا ئالمىشىش راۋانلىشىپ، ئادەم ئاسان چارچىمايدۇ. خىزمەت ۋە دەم ئېلىشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىلىۋېلىپ، كۈچ سەرپ قىلىدىغان خىزمەتنى شۇ كۈنكى كۈچ-قۇۋۋىتى تولۇق، روھى ئۇرغۇپ تۇرغان ۋاقىتتا قىلغاندا ئاسانلىقچە چارچاش ھېس قىلمايدۇ.

تەھرىر بۆلۈمىمىز رەتلىگەن

## سۇماي قاچىلىرىنى پات-پات تازىلاپ تۇرۇش لازىم

سۇ ماي قاچىلىرىنى (تۇڭلىرىنى) داۋاملىق تازىلاپ، دېزىنفېكسىيە قىلماي، ئۈستى-ئۈستىلەپ ماي قاچىلاپ ئىشلىتىش سالامەتلىككە ئىنتايىن زىيانلىق. چۈنكى سۇ ماي قاچىلىرىنى ئۇزاققىچە تازىلىمىغاندا تېگىدە قېلىن بىر قەۋەت دۇغ ئولتۇرۇشۇپ قالىدۇ. بۇ دۇغ ئوخشىمىغان دەرىجىدە سېرىق ئېچىتقۇلۇق چىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

سېرىق ئېچىتقۇ زەھىرى ئىنتايىن كۈچلۈك، راك پەيدا قىلغۇچى ماددا بولۇپ، ئۇنىڭ زەھەرلەش كۈچى ھىدروگېن، كالىيدىن ئون ھەسسە، مەرگىمۇش (سەنكىيا) دىن 63 ھەسسە ئارتۇق. ئۇ جىگەر قېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا سۇ ماي قاچىلىرىنى داۋاملىق يۇيۇپ، دېزىنفېكسىيە قىلىپ تۇرۇش لازىم.

راخمانجان (ت)

## ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن ئايال ئىشچى-خىزمەتچىلەر قول ھۈنەر-سەنئەت كۆرگەزمىسىدىن كۆرۈنۈشلەر.







ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يېقىندا ئاپتونوم رايون بويىچە ئايال ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك قول-ھۈنەر بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى ئاچتى. كۆرگەزمىگە ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى ئايال ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ 400 دىن ئارتۇق، 20 تۈردىن كۆپرەك ئەسىرى قويۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى توقۇلما ئەرسىلەر، كەشتىلەنگەن بۇيۇملار، گىلەم، چىغ توقۇلما، رەخت چاپلاپ ياسالغان بۇيۇملار ۋە 200 دەك كىچىك دورا قۇتىسىدىن قوراشتۇرۇپ ياسالغان ئۈستەل چىرىغى تاماشىبىنلارنى ئالاھىدە جەلپ قىلدى.

—ياڭ جىنچىڭ فوتوسى





